

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى
1
2000

www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

17 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 50 - سان

2000 - يىللىق

1 - سان



باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

قادىر ھاپىز

غوپۇر ھوشۇر نىيازى

ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسلىھەتچىلەر

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئابلىز ئورخۇن


## مۇندەرىجە

### ھۆججەتلەر


جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك 6 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ..................... 9

مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، ئۆزگىچە تۇس ئالغان شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنى 5000 دىن ئارتۇق كۆرۈرمەننى جەلپ قىلدى ..................... رېن مىڭجى، ليۇ دېرۇن 14


### تارىخ سەھىپىسىدە


ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشى ...... ..................... خۇاڭ جيەنخۇا 17

خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ...... ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 26

«خوتەن تېكستلىرى» توغرىسىدا ..................... خ. ۋ. بايلېي 38

ئۆلۈكى جازالانغان ۋاڭ ..................... مامۇت غازى 44

مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى.......... ..................... تاھىر تاشبايېف 47


### يەرناملىرى تەتقىقاتى


يەر ناملىرى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر ..................... ..................... قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى 53


### مەشھۇر شەخسلەر


تەرەققىيپەرۋەر زات — ھەيدەر سايرانى ...... ئىلچى سايرانى 58


### جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى


4 § . ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىش ..................... 69

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش — ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىگە يول ئاچىدىغان، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش.

جياڭ زېمىن

# «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سانلىقىغا بېغىشلانغان تەبرىكلەر

دۇنيادا تارىخنى ئەسلەشتىنمۇ ئارتۇق ھوزۇر، پەخىرلىنەرلىك يوقتۇر. تارىخ دېمەك ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ۋە بىزنى ئادەم قىلغان جەريان بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئىنسان ھايات ـ ماماتلىقىنىڭ كالېندارى ۋە ئەيىنكىدۇر.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 17 يىلدىن بۇيان يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى ياش ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. ژۇرنالنىڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدىكى تەسىر ـ ئېتىۋارىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ نەشرىياتچىلىقىمىزدىكى دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ئەل سۆيگەن ژۇرنالغا شان ـ شەرەپلەر بولسۇن

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

2000 ـ يىل 15 ـ فېۋرال

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزدىن بىر ئۈمىد

مەزكۇر ژۇرنىلىمىزنىڭ 50 - سانى چىقتى. تەزكىرىچىلىك ژۇرنىلى 1984 - يىلقى 1 - ساندىن 2000 - يىلدىكى 50 - سانىغا قەدەر ئۆتكەن ئارىلىقنى ئوڭۇشلۇق بېسىپ ئۆتتى.

ژۇرنىلىمىز بۇرۇن تەزكىرە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغىلا خاس كەسپىي، ئىچكى ژۇرنال ئىدى. ھازىر ئاممىۋى خاراكتېرلىك، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئىلمىي، تارىخىي ژۇرنالغا ئايلاندى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ يېڭى يىل ۋە يېڭى ئەسىردە ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز تارىخنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن يازىمىز. ئەلۋەتتە تەزكىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

پۈتۈن دۇنيا مەڭگۈ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ماددىدىن ئىبارەت. مەنىۋى تەپەككۇر روھىي دۇنياغا مەنسۇپ. ئاڭ، چۈشەنچە، ئىدىيىلەر بىزنىڭ ئەسلى ماددىدىن ئىبارەت مېڭىمىزنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچ — ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدۇر. «ئەڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىلىم - پەن، تېخنىكا» دۇر (دېڭ شىياۋپىڭ)؛ جەمئىيەت تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ؛ باش شۇجى جياڭ زېمىن ماتېرىيالىزملىق تارىخ قارىشىمىزنى كۈچەيتىشنى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشكە ماھىر بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگونىڭ تارىخىنى، ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «بىر مىللەت، تارىختىن ئۆز مىللىتى ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ياراتقان مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماھىر بولمىسا، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ، چەت ئەلنىڭ تارىخىي بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىنىشىمىز كېرەك، تاشقى دۇنيانى تارىخىي جەھەتتىن ھەقىقىي چۈشەنگەندىلا ئىچكى - تاشقى خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيمىز» دەپ چاقىرىق قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ چاقىرىقىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ماتېرىيالىستىك كۆز قارىشىمىزنى كۈچەيتىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپرەك نەشر قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە بولۇپمۇ ياشلارغا ئائىت ژۇرناللاردا ماتېرىيالىزم كۆز قارىشىغا زىت ماتېرىياللار ئېلان قىلىنىۋاتقاندا، ماتېرىيالىستىك مەيداندا چىڭ تۇرۇشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر.

**ئۇيغۇر سايرانى**

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

# ئەللىك سانغا مۇبارەك

«ئەللىك» دەپ ئېغىزدا دېمەك ئاسان، لېكىن بۇ «ئەللىك» پۈتۈن باشلىق بىر مەجمۇئەنىڭ ئەللىك سانى؛ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى يىللارنى تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى خىلمۇ خىل سەھىپىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نىڭ ئەللىك سانى.

«تەزكىرە» — ئەسلەش، خاتىرىلەش، ئىشلارنى بايان قىلىش (ئېغىزدا سۆزلەپ بېرىش ياكى يېزىقتا قەيت قىلىش) دېمەكتۇر. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ئۆزىگە نام بولغان شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇقەددەم ئەھۋالىنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن خاتىرىلەپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى نۇرغۇن مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. تارىختىن سۆز ئاچتى، جۇغراپىيىدىن چۈشەنچە بەردى، ئېتنوگرافىيىنى بايان قىلدى، مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈردى، توپونومىيىدىن بەھس ئەتتى، شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى تونۇشتۇردى، ئىشقىلىپ شىنجاڭ رايونىدا بولۇپ ئۆتكەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي ۋەقە - ھادىسىلەرنى مەزكۇر رايوندا ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە باغلىق ھالدا قەيت قىلىپ بەردى. سەھىپىلىرىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي مەزمۇنى كۆپ، تەزكىرە دېگەن ئىخچام نامىدىن كۆرە، ساھەلىرى مۇرەككەپ بۇ مەجمۇئەدە، يۇقىرىدا سانالغان مەزمۇنلاردا يېزىلغان مۇئەللىپىنىڭ مىڭلىغان ماقالە، بايان، ئەسلىمە، مەلۇمات قاتارلىق مەنىۋى ئەمگەكلىرى ئېلان قىلىندى.

ئاپتورلۇق — ئېغىر ئەمگەك. بىر چاغلاردا دېھقاندىن يېتىشىۋاتقان بىر ئىختىيارىي مۇخبىر، گېزىتخانىدا ئىككى ھەپتىلىك كۇرسقا قاتناشقاندىن كېيىن، ماڭا تەسىراتىنى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەپەندىم، يېزىدا ئىككى كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى كەتمەننى ئوينىتىپ يۈرۈپ چاپاتتۇق، ھېچقانداق ئېغىر بىلىنمەيتتى. مۇنۇ ئېغىرلىقى يۈز گرام كەلمەيدىغان قەلەم بەك ئېغىر كەلدى». راست، قەلەمنىڭ ۋەزنى يېنىك بولغىنى بىلەن، ئۇ ئالەمچە يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغىنى ئۈچۈن، ئۇنى تەۋرىتمەك بەك ئېغىر. ئاپتورلار ماقالە دېيىلگەن بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگۈچى ئېغىر ئەمگەكچىلەردۇر، ئۇلار مەجمۇئەنىڭ بىرقانچە بېتىگە توغرا كېلىدىغان بىرەر پارچە مەنىۋى ئەمگەكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن قانچە زېھنىي كۈچىنى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. ھەقىقىي ئاپتورلار ئويناپ يازمايدۇ، ئويلاپ يازىدۇ؛ بىھۇدە يازمايدۇ، مەلۇم مەسىلىنى ھۆددىگە يازىدۇ. ئۆزى بىلگىنىنى ئۆزگە بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ئاپتور ئۆزىنى بىلىمدان قىلىپ كۆرسەتكۈچى ئەمەس، بىلىم ئۆگەنگۈچى ۋە بىلىم تارقاتقۇچىدۇر. بىرقانچە مىنۇتتا يېزىلىپ بولىدىغان بىر قۇر چۈشەنچە ئۈچۈن بىرقانچە يۈز مىنۇتلاپ ئەقلىي ئەمگەك قىلىدۇ؛ شۇ مەسىلىنى ئۆگىنىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىدۇ (ماتېرىيال ۋە چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ).

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نىڭ 50 سانغا ئۇلىشىش جەريانىنىڭ ئۆزى بىر تەزكىرە. بۇ تەزكىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىلەر ئىككى ساھەنى تەشكىل قىلىدۇ: بىرى ئاپتورلار

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساھەسى. بۇ مەجمۇئە يۇزلىگەن تەزكىرىچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇچۇن ۋاستىچى بولدى. بۇرۇنقى چاغلاردا بىزدە تەزكىرىچىلىك ئەدەبىياتى خېلى راۋاجلانغانىدى. ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرى ۋە كەسپلەر رىساللىرى كۆپلەپ يېزىلغانىدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى تەزكىرىچىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا مەلۇم رول ئوينىدى. بۇ مەجمۇئەنىڭ تۆھپىلىرىدىن مۇھىم بىرى، يېڭى تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سورۇن بولۇپ بەرگەنلىكى. ئىككىنچى بىر ساھە تەھرىرلەر ساھەسى. مەجمۇئە ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى قۇۋۋەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشى ئۈچۈن، ئۆزى ئوبدان تويۇنۇشى (مەزمۇنى مول، سەھىپىلىرى رەڭگارەڭ بولۇشى) كېرەك. بۇ تەھرىرلىك كۈچىگە باغلىق. مەجمۇئە خادىملىرى بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتورلارنى قېدىرىشى، مەنىۋى مەھسۇلات يارىتىپ بېرىشكە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئۈيۈشتۇرۇشى، ئاپتورلارنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى مەجمۇئەنىڭ مىزان- تەلەپلىرى بويىچە «ئۆگۈت قىلىشى» ۋە بۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىشتىھاسى» غا لايىق «تائام» قىلىپ تەييارلىشى زۆرۈر. مۇھەررىرلەر «مەي بولغانلىرى» نى ئۆز پېتى، «خاملىرى» نى زېرىكمەي پىشۇرۇپ، ئوقۇرمەنلىرىگە سۇنىدۇ. يەنە كېلىپ، مۇھەررىرلەر «يېڭىلىق» بىلەن تەمىنلەشكە بەك تىرىشىدۇ.

بۇ مەجمۇئە ئەنە شۇنداق ئىككى ساھەدىكى كۈچلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز سەرپ قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ 50 سانىدا مىڭلىغان ئەمگەك نەتىجىسىنى ياراتتى.

بۇ مەجمۇئە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» دېگەن نام بىلەن ئاتالسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا كەم بولۇۋاتقان (تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق) مەجمۇئەلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان كۆپ تەرەپلىمە مەجمۇئەدۇر. 50 سانغا ئۇلىشىش جەريانى ھەرخىل مۇشكۇلاتلارنى يېڭىش ۋە ئىجتىھات بىلەن ئىلگىرىلەش جەريانى بولدى. بۇ جەرياندا، ژۇرنال خادىملىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس- بەستە سايراش» فاڭجېنىغا ئەمەل قىلدى. شۇڭا، ژۇرنالدا ئوقۇرمەنلەرگە مەنزۇر كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ قاتارىدا، خام ماتېرىياللار، يۈزەكى مۇتالىئەلەرمۇ ئېلان قىلىنىدى. بۇ نورمال ئەھۋال. مەن بۇ مەجمۇئەنىڭ ئاپتورلىرىدىن، مۇھەررىرلىرىدىن ۋە ئەڭ مۇھىمى ئوقۇرمەنلىرىدىن بىرى بولغىنىم ئۈچۈن، مەجمۇئەنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى ئۈچۈن كۆيۈنىمەن.

بۇ ژۇرنالنى 50 سانى بىلەن قۇتلۇقلايمەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن رەڭگارەڭ سەھىپىلىرىدە، بىلىم كانىدىن قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك جەۋاھىرلار، ئىلىم خامانىدىن ئېلىنغان مەرۋايىتلارنى تونۇشتۇرۇشىنى، شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ئۆز قەدرىنى ئۆزىگە تونۇتۇش ۋە مەنىۋى ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىش، دىيارىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش ۋە مەركەزنىڭ غەربنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇش چاقىرىقىغا ئوبدان ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن دادىل قەدەم تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئېھتىرام ۋە سالىمىمنى لۇتفىينىڭ رۇبائىسى بىلەن يوللايمەن:

ئول مېنىڭ جانى جاھانىمغا سالام،
جاندىن ئارتۇق مېھرىبانىمغا سالام.
بىر زامان خالى ئەمەسمەن يادىدىن،
مۇنىسى جانى راۋانىمغا سالام!

**ئىمىن تۇرسۇن**

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

# تارىخ سەھىپىسى توغرىسىدىكى ئويلار

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سانلىقىغا بېغىشلىما)

تارىخ — پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى. تارىخ — ئوبيېكتىپ نەرسە، مەيلى بىز ئۇنى يورۇتۇپ بېرەيلى ياكى يورۇتۇپ بەرمەيلى ھامان تارىخ پېتىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇنى يورۇتۇپ بېرىشمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ۋەزىپىسى. «تارىخنى خەلق ياراتقان»، شۇڭا تارىخنى يورۇتۇپ بېرىش — ئىنسانىيەتنىڭ ئەجرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ — مەيلى ئەجدادلىرىمىز بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زامان كىشىلىرى بولسۇن، مەيلى ئەۋلادلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان مۇقەددەس بۇرچ. مۇشۇ بۇرچنى تونۇپ يەتكەن ھالدا، بىز ئۆز تارىخىمىزنى ئوبيېكتىپ، مۇكەممەل، چوڭقۇر، يارقىن يورۇتۇپ بېرىشىمىز لازىم بولىدۇ. تارىخنىڭ دائىرىسى كەڭ، ھەرخىل، بۇنىڭدا ئومۇمىي تارىختىن باشقا، مىللەت تارىخى، يەرلىك تارىخ (مەسىلەن شىنجاڭ تارىخى)، يەر تارىخى (مەلۇم جاينىڭ تەزكىرىسى)، شەخسلەر تەزكىرىسى، خاندانلىقلار تەزكىرىسى (مەسىلەن «تارىخى رەشىدى»، «تارىخى جاھانگۇشاي») ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن، بۇ دائىرىگە ئېتنىك ناملار، يەر ناملىرى، قەبىلە، ئۇلۇس ناملىرىنىڭ تەتقىقاتىنىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. بۇ ساھەدە ھەرخىل تېما ۋە ھەرخىل دائىرىدە خېلى ئوبدان ئىشلار قىلىندى.

«تەزكىرە» ۋە «تەزكىرىچىلىك» نىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولى، قازانغان ئۇتۇقىنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەك. چۈنكى تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى «تەزكىرە» ژانىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئايرىم يەرلەر تارىخىنى، تارىخىي شەخسلەر تارىخى، يەر ـ جاي ناملىرىنى، داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى، تارىختىكى ئايرىم مەشھۇر ۋەقەلەرنى يەنىـــى مەخسۇس تارىخلار ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغان كونكرېت ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ناھايىتى كونكرېت، ئەمەلىـــي، رېئال ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، شۇڭا «تەزكىرە» نىڭ باشقا تارىخلار قاتارىدا ئومۇمىي تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ جەھەتتە، ئومۇمىي تەزكىرىلەردىن باشقا، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (ئاۋۋال «شىنجاڭ تەزكىرىسى») ژۇرنىلىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، توغرا نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەزكىرىچىلىك سىياستى ھەمدە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئوقۇرمەنلەرگە

www.uyghurkitap.com



تونۇشتۇرۇشتىن باشقا، ئايرىم - ئايرىم سەھىپىلەر ئېچىپ، تەزكىرىگە ئائىت يەككە تېمىلار بويىچە ماقالىلار ئېلان قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنى ئومۇمىي تارىخىي ساۋاتقا ئىگە قىلىش بىلەن بىللە بۈندىن كېيىنكى يېزىلغۇسى تەزكىرىلەر ئۈچۈنمۇ ئوبدان ماتېرىيال تەييارلاپ بەردى. بولۇپمۇ ئومۇمىي تارىخ، مەخسۇس تارىخلار تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈش قىيىن بولغان تېمىلار — مەشھۇر شەخسلەر تەرجىمىھالى، ئايرىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى، مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە تەپسىلاتى، بەزى قەبىلە نامىلىرى، يەر نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى جەھەتتە نۇرغۇنلىغان ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئايدىڭلىشىشى، ھەل بولۇشى جەھەتتە ئوبدان ئىجابىي رول ئوينىدى. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى مەسىلىلەر بويىچە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ كۆزقاراشلارنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىلمىي تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى تالاش - تارتىشسىز تارىخ يېزىلمايدۇ.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 50 ساندىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، بۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتى توغرىسىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ژۇرنال ئۆزىنىڭ «تەزكىرىچىلىك» مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. بۇ دېگەنلىك ژۇرنالنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاش، ھەرخىل ئەبجەش ماقالىلاردىن ساقلىنىش، تەزكىرە تەزكىرە بولۇش كېرەك دېمەكتۇر. ئىككىنچىدىن، سەھىپىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، ھازىر سەھىپىدە بولمىغان لېكىن ھاجەت بولغان بەزى سەھىپىلەرنى ئېچىش لازىم. مەسىلەن: «تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەر» «ئەجدادلىرىمىزنىڭ نامىلىرى» غا ئوخشاش. ئۈچىنچىدىن، ئىلمىي سەۋىيىنى يەنىمۇ كۆتۈرۈش كېرەك، بۇ دېمەكلىك ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، تەھرىرلىك ئۆتكىلىنى ئوبدان ئورۇنداشتىن دېرەك بېرىدۇ.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نىڭ 50 سانى ئوبدان چىقتى، يەنە بۈندىن كېيىنكى 50 ساننىڭ ئوبدان چىقىشىغا تىلەكداشمەن. ژۇرنال خادىملىرىنى 50 - سان بىلەن تەبرىكلەيمەن.

**ئابدۇشۈكۈر تۇردى**

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى)

# مول مەزمۇنلۇق 50 سان

— «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 50 - سانى بۈگۈن ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان دوستلىرى، قىزغىن، سادىق ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى، مەن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ ژۇرنالنىڭ 50 سانلىق مۇساپىسىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن كېيىنكى 50 سانلىق مۇساپىنى تېخىمۇ غەلىبىلىك بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى تارىخ - تەزكىرىگە دائىر يېڭى - يېڭى مېۋىلەر؛ تارىخ - تەزكىرىگە دائىر تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم، تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى بويىچە يېڭى نەتىجە، تارىخ سەھىپىسىدىكى ئىشلار، يەر - جاي نامى، ئادەملەرنىڭ ئىسىم - فامىلە مەسىلىسى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە يېڭى - يېڭى مېۋىلەر بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەزكىرىچىلىك ساھەسىدە مەملىكەت بويىچە مىللىي تىلدا — ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان بىردىنبىر ژۇرنال. بۇ ژۇرنال تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلار ئالدىدا تەۋرەنمەي، كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ماڭدى. تەھرىرات خادىملىرىمۇ ھاردىم - تالدىم دېمەي، داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭدى. تەزكىرىچى خادىملارغا ۋە ئاممىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە مەركەزدىكى تەزكىرە يېتەكچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ تەزكىرە توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغانلىقى سىرتىدا، ئۆز سەھىپىلىرىدە يەنە بىرەر جاي، بىرەر كەسىپنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماقالىلار ۋە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى، تارىخىي خاتىرىلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى مول مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىپ، قىزغىن ئالقىشلاندى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» يەنە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن «ئىلى خەلقىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى» ۋە «توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر» گە ئوخشاش تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى. شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك، چىنى تۈركىستانچىلىقبىلەن شۇغۇللانغان مەمتىمىن بۇغرا، مەسئۇت، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلارغا بىلدۈردى.

www.uyghurkitap.com



تارىخ، تەزكىرە — ئەينەك، ئۇ ئارقىلىق ھەرقايسى دەۋرلەردىكى گۈللىنىش ۋە خاراپلىشىشنى، پايدا ۋە زىياننى بىلگىلى، كەلگۈسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان بەزى تارىخىي ماتېرىياللار ۋە شۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ تارىخنى توغرا چۈشىنىشى، تارىختىكى ئايرىم مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىشى، تېخىمۇ جاسارەت بىلەن ئىشلىشى، ۋە ئۆگىنىشىگە زور ئىلھام بېرىپ كەلدى. ئېيتايلۇق، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدە مەسئۇل ۋەزىپە ئۆتىگەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدا تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى بولغان سەيپۇللايوف ئاكا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈر، دەپ قاراپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە» دېگەن ماقالىلىرىنى يېزىپ، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش مەيدانىدا تۇرۇپ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىمىزدا ئىنتايىن زۆرۈر ئىزاھلارنى بەردى، بۇ مەسىلىلەرنى باشقىلارنىڭ ئىزاھلاپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەرھۇم مۇسايوف ئاكىمۇ «تاشقورغان ئىنقىلابى مەزگىلىدە قاغىلىقتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن قىسقا ماقالىسىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلىگە شاھىت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. يەنە ژۇرنىلىمىزنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن مەرھۇم ئابدۇكېرىم ماخمۇتوف، ھەسەن نۇرھاجى بولۇس، ھاكىم جاپپار، توختى ئىبراھىم، مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن قۇربانى، شېرىپ خۇشتار قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىز ژۇرنىلىمىزنى قىممەتلىك ماقالىلار بىلەن تەمىن ئەتتى. ھازىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، شۇ دەۋردە ھەربىي ۋە مۇلكىي ساھەدە مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان پېشقەدەملىرىمىز ياشىنىپ قالدى، بىز ئۇلار تېخى ھايات ۋاقتىدا ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە تۇرۇپ يازغان ماقالىلارنى قەدىرلىشىمىز، ژۇرنىلىمىزدىن ئورۇن بېرىشىمىز كېرەك. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ جەھەتلەردە تەشەببۇسكارلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ژۇرنىلىمىز يەنە تەزكىرە ئوبزورچىلىقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ نەشىر قىلىنغان ناھىيە، ۋىلايەت تەزكىرىلىرى ۋە ئومۇمىي تەزكىرە توغرىلىق ئوبزور يېزىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشى زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندا تەزكىرىنىڭ ئەينەكلىك رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ژۇرنال تەھرىراتىدىكى يولداشلارنىڭ ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ژۇرنالنىڭ گۈللىنىشىنى شەرەپ، بارغانسېرى ئوسال ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى نومۇس دەپ بىلىپ، «يېڭى تەزكىرىلەرگە باھا»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «شىنجاڭدىكى كەسىپلەر»، «مەشھۇر شەخسلەر» قاتارلىق سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان باشقۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

(«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، مەسلىھەتچىسى)

# جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك 6 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 9 - ئاينىڭ 9 — 10 - كۈنلىرى بېيجىڭدا 2 - نۆۋەتلىك 6 - قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى تېيىڭ، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى يۇۋېن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ رېنجى يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يىغىنغا يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 21 ئەزاسى قاتناشتى. جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ 2 مۇئاۋىن باشلىقى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا باش كاتىپ مەمۇرىيەت يىغىنىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك 5 - قېتىملىق يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن بەرگەن دوكلات ۋە مەملىكەتلىك يېڭى تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، 2000 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇزاكىرە قىلىندى.

### 1. 2 - نۆۋەتلىك 5 - قېتىملىق يىغىندىن بۇيانقى خىزمەتلەر

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار 1998 - يىل 1 - ئايدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى جايلارنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزاقراق ۋاقىتتا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ تاماملاش خىزمىتىگە ۋە تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى؛ شۇنداقلا، جايلارنىڭ يېڭى تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بۇ خىزمەتلەرگە ئىجابىي باھا بەردى. بولۇپمۇ، 1998 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن «تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا بەلگىلىمە» نى تارقاتتى، بۇ — مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىن بۇيانقى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە دائىر چىقىرىلغان تۇنجى رەسمىي بەلگىلىمە، ئۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم قېلىپلاشتۇرۇش رولىغا ۋە تۈرتكىلىك رولغا ئىگە. 1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە ئىشخانا مۇدىرلىرى ۋە تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى يېتەكچىلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ ھەم جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تارىخ تۈزۈش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىقلار قاتناشقان مەملىكەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ۋە جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا جايلارنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، 1999 - يىللىق خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يولداش يۇۋېن، ۋاڭ رېنجى، ۋاڭ گاڭلار مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ يىغىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەپ، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ تاماملاپ، يېڭى تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىتىشكە تۈرتكە بولدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى مەملىكەتلىك تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. 6 - ئاينىڭ



10 ـ كۈندىن 12 ـ كۈنگىچە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە ئىشخانىلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەزكىرە ئىشخانىلىرىدىكى يولداشلار قاتناشقان مەملىكەتلىك يېڭى تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يولداش يۈۋېن كۆرگەزمىنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتى، فاڭجېنى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىن ئارقىلىق كۆرگەزمىگە بولغان تونۇش ئۆستى، كۆرگەزمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە يولغا قويۇش لايىھىسى توغرىسىدا بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىندى، جايلارنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېچىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنى چوقۇم ياخشى تەشكىللەپ ھەم تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى تەزكىرىلەرنى پۈتۈن جەمئىيەتكە تېخىمۇ يۈزلەندۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى كېڭەش ئەزالىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەزكىرىچىلىك ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئالغا سۈردى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

### 2. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يەنە مەملىكەت بويىچە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلدى. 2 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ قېتىملىق يىغىندىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە خېلى زور تەرەققىيات بولدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە 3 دەرىجىلىك تەزكىرىدىن 4000 دىن ئارتۇق تەزكىرە نەشر قىلىنغان. ئەنخۇي، سىچۈەن، شەندۇڭ، خېيلۇڭجياڭ، خېنەن، خۇبېي، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەر مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولغان. جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولغان. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆستى، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، سۈپىتى خېلى ياخشى بىر قىسىم تەزكىرە كىتابلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ـــ مەملىكەت بويىچە كەڭ تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ جاپالىق ئىشلەپ، ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، خىزمەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر.

لى تيېيىڭ مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: تەزكىرە تۈزۈش — ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى، بۇنىڭدا «بىرگە كىرگۈزۈش»، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش، «پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، مۇتەخەسسىسلەر تەزكىرە تۈزۈش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جايلاردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلدى ۋە ھەل قىلدى. سىچۈەن، شەندۇڭ، خېيلۇڭجياڭ، خېنەن، ئەنخۇي، خېبېي، يۈننەن، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ بىرقاتار مەخسۇس ھۆججەتلىرىنى تارقاتتى. بەزى جايلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تاماملىنىشى بىلەن، كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى كۈنتەرتىپكە قويماقتا. بەزى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە پىلانلىدى. يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلەر خىزمىتىگىمۇ ئېتىبار بېرىلمەكتە. ھازىرغا قەدەر، تەزكىرىچىلىك ئىشخانىلىرى سىستېمىسى تۈزۈۋاتقان ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلەر 113 خىلغا يەتتى، بۇ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىدە تۇرماقتا. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىمۇ جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايماقتا. گۇاڭشى، شاڭخەي، سىچۈەن، خېنەن، شەندۇڭ، يۈننەن، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە تەزكىرە سارايلىرى قۇرۇلدى؛ بەزى ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيىلەردىمۇ تەزكىرە سارايلىرى قۇرۇلدى. تەزكىرە تۈزۈش ۋاسىتىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتىدىمۇ بەزى رايونلاردا ئىلگىرىلەش بولدى. بەزى ئۆلكىلەردىكى تەزكىرە ئىشخانىلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆلكە بويىچە يەرلىك ئەھۋالغا دائىر ماتېرىيال

ئۇچۇرى مەركىزى قۇرماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز خىزمەتتىكى نەتىجىلەرنىلا كۆرۈپ قالماي، خىزمىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە جايلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا تەكشى ئەمەس. ئاز ساندىكى رايونلاردا خىراجەت قىيىنچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۈرئەت بىرقەدەر ئاستا بولۇۋاتىدۇ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى يېقىنقى مەزگىلدە تاماملاشتا قىيىنچىلىق بىرقەدەر ئېغىر. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى بىردەك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت. ھازىر زور بىر تۈركۈم تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ كەڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، كۆپچىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدا يېڭىچە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، تەزكىرە كىتابلىرىدىكى بەزى يېتەرسىزلىك، خاتالىق ۋە مەسىلىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ياخشى ئىش، بۇنى ئالقىشلىشىمىزغا ۋە بۇنىڭدىن خىزمىتىمىزنى ياخشىلاشقا پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. سۈپەت ئېڭىنى جەزمەن يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىدىن نەشر قىلىنىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى بۇرۇنقىلارنىڭكىدىن ئۆستۈرۈپ، نادىر تەزكىرىلەرنى كۆپلەپ چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

جايلارنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمىتىدە كۆپچىلىك بىر قەدەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە — تەزكىرە ئاپپاراتلىرى بىلەن تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى مەسىلىسى. يولداش جياڭ زېمىن: سوتسىيالىزم دەۋرىدە يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى — «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتمۈشكە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگۈسىگە يول باشلايدىغان، زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىنىشىچە، ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ئومۇمەن بىرقەدەر مۇقىم ئىكەن. بىراق، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغان بەزى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىدا بەزى يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلگەن، ئاز ساندىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، تەزكىرىچى خادىملار تارقىتىۋېتىلگەن، بۇ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق ھېسابلىدى: بۇ مەسىلە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك، جايلاردىكى يولداشلارمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شۇ جايدىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشى كېرەك.

### 3. 2000 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

يىغىندا كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى.

كېلەر يىللىق خىزمەتلەرگە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ: ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ تاماملىنىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاشنىڭ تەييارلىقىنى پائال ياخشى قىلىپ، يېڭىچە تەزكىرىلەرنى تۈزۈش ئىشىنى XXI ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ياخشى ۋە يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلاپ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ھەمدە دۇچ كەلگەن ھەرخىل خىرىسلارنى كۈتۈۋېلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

1. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ تاماملىنىشىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەلۇماتقا قارىغاندا، ھازىرغا قەدەر، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى چىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ تەخمىنەن 80% ى ئورۇندالغان. ناھىيە دەرىجىلىك تەزكىرىلەرنىڭ تاماملىنىشى ھەممىدىن ياخشى بولغان. ئاساسلىقى ئۆلكە، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك تەزكىرىلەرنىڭ تۈزۈلۈش سۈرئىتى ئاستىراق بولغان. تاماملىنىش ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خىزمەتنى ياخشىلاشقا دائىر تەدبىر - تەكلىپلەرنى نىشانلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى تىرىشىپ

uyghurkitap.com

ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ھەرقايسى ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتلىرى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئايرىم رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئەسلىدىكى پىلاننى ئەمەلىيەت ئاساسىدا تېگىشلىك تەڭشىشى لازىم.

2. يېڭى يىلدا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىكنى خۇلاسىلەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش لازىم، كېلەر يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى بويىچە مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش پىلانلاندى، بۇ يىغىندا 20 يىلدىن بۇيانقى تەزكىرىچىلىك خىزمىتى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا يەكۈنلىنىدۇ ھەمدە تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىگە دائىر نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ يىغىننىڭ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش ئەھمىيىتىگە ۋە رولىغا ئىگە بولغان، 20 يىللىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھەمدە تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا ئىگە قىلىدىغان يىغىن قىلىپ ئېچىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. يىغىن ئارقىلىق خۇلاسە خاراكتېرىنى ئالغان بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى تۈزۈپ چىقىلىدۇ؛ يەنە «يېڭى تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش توغرىسىدا پىكىر (لايىھە)» داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ ۋە تۈزۈپ چىقىلىدۇ. جۇڭگو تەزكىرىچىلىك جەمئىيىتى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ۋە «جۇڭگو تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۆز خىزمىتىنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى دەۋر قىلىپ قانات يايدۇرۇشى كېرەك. جايلاردىكى تەزكىرىچىلىك جەمئىيەتلىرى پىلانلىق ھالدا مۇشۇ چوڭ تېمىنى بىرقانچە مەخسۇس تېمىغا ئايرىپ، شۇ تېمىلار بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. «جۇڭگو تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىمۇ بەزى كىچىك تىپتىكى نەزەرىيە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ كۆپچىلىك ئېتىبار بېرىۋاتقان بەزى نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى تاللاپ، مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى يېڭى تەزكىرىلەرنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئورۇندىغان رايونلار، خىزمەتتە قىيىنچىلىققا يولۇققان رايونلار ۋە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئۆلگىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىشقا نەزەرىيە ۋە خىزمەت جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشى لازىم.

ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ئوخشاشمىغان ئەھۋالدىكى ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيىدىن تۆت - بەشنى تىپ قىلىپ خۇلاسىلەپ، نەزەرىيە ۋە خىزمەت جەھەتتە مۇئەييەن سالمىقى بار بىرقانچە خۇلاسە تەييارلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، مۇشۇ ئارقىلىق خۇلاسىلەش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ساقلانغان يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ، تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئەينەككە ئىگە قىلىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

3. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تەزكىرە ئىشخانىلىرى پىلان تۈزۈپ، بىرنەچچە ئىشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مەسىلەن: ھۆكۈمەتنى سىياسەت بەلگىلەش ئۈچۈن تارىخىي ۋە رېئال ماتېرىيال ۋە تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلەش، يەرلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، يۇرتنى سۆيۈش، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسىپنى قەدىرلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا دائىر ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش؛ جايلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتلەردە ئاساسىي بايلىق ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش؛ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاغ - دەريالارنى تىزگىنلەش جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش؛ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنگە دائىر نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئۈچۈن ئاساسىي ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەھاكازالار.

مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان ئورۇنلارنىڭ ئالدىدا ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر تۇرۇپتۇ. ئۇلار تەزكىرە بايلىقىدىن پايدىلىنىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، جايلاردىكى رەھبەرلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرى ئۈچۈن پائال مۇلازىمەت قىلىشى لازىم؛ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى، بولۇپمۇ تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە دائىر نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، جايلار ئەھۋالىغا دائىر يېڭى ماتېرىياللارنى توپلىشى ۋە تۈزۈپ چىقىشى كېرەك؛ شارائىتى بار جايلار يىلنامە تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

4. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى خىزمەت ئۈنۈمىنى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بەلگىلىمە ۋە مەقسىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ئىزچىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. «جۇڭگو تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى يېتەكلەش رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي كەيپىياتنى تىرىشىپ جانلاندۇرۇپ، نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى ئالغا سۈرۈشى كېرەك. تەزكىرە نەشرىياتىغا سىياسەتتە بەلگىلەنگەن ھوقۇقنى بېرىپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. نەشرىياتمۇ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، تەرەققىيات نىشانىنى تۈزۈپ چىقىشى، بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق ھەقىقىي تۈردە تەزكىرىچىلىك ساھەسىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپىي نەشرىيات بولۇپ قېلىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىمۇ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، خىزمەت سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. تەزكىرە تۈزگۈچى تايانچ قوشۇننى ئىمكانقەدەر مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

5. جۇڭگو تەزكىرە سارىيى قۇرۇش ئۈچۈن پائال تىرىشىشىمىز لازىم. جۇڭگو تەزكىرە سارىيى قۇرۇش — تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. مۇشۇ نۆۋەتتە 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىدىن 6000 نەچچىنى تۈزۈش پىلانلانغانىدى، بۇنىڭغا يەنە تارماقلار تەزكىرىسى، كەسىپلەر تەزكىرىسى، داڭلىق تاغ ـ دەريالار تەزكىرىسى، يېزا ـ بازار تەزكىرىسى ۋە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ئەسەرلىرىنى قوشقاندا سان جىق كۆپىيىدۇ. ئەگەر جايلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ زامانىۋىلاشقان ماتېرىيال ئۇچۇرى ئامبىرى قۇرۇپ چىقىپ، تورلاشتۇرالىساق ئۇ ھالدا بۇ دۆلەت ئەھۋالى، جايلار ئەھۋالىغا دائىر ئەڭ تولۇق، ئەڭ سىستېمىلىق ماتېرىيال ئۇچۇرى ئامبىرى بولۇپ قالىدۇ. يەنە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋە ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى كۇتۇپخانىلىرىدىكى كونا تەزكىرىلەرنى قايتا كۆچۈرۈش، توپلاش كېرەك. ئۇلارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى ئىنتايىن زور. 2000 يىللىق تەزكىرىچىلىك تارىخىغا ئىگە يېڭى جۇڭگونىڭ پايتەختىدە مۇشۇنداق زامانىۋىلاشقان تەزكىرە سارىيىنى قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر. پائال شارائىت يارىتىپ، تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. بەزى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلەر تەزكىرە سارايلىرىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇ سارايلار تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى نامايان قىلدى. شارائىتى بار ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەزكىرە سارىيىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

يىغىن شۇنداق كۆرسەتتىكى، كېلەر يىلى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل بولىدۇ، مۇشۇ يىلدا XXI ئەسىرنىڭ پەردىسى ئېچىلىدۇ، ئېلىمىز خەلقى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 3 ـ قەدەملىك ئىستراتېگىيىسى يولىغا قويۇلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە قەدەم قويىدۇ. ئېلىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، بۇ يىل ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىل بولىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەزكىرە خىزمەتچىلىرى ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار پروگراممىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىشى ھەمدە يېڭىچە تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى XXI ئەسىرگە ئىلگىرىلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(بېشى 16 ـ بەتتە)

تەزكىرە تۈزۈش — مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى ئۇل قۇرۇلۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كەلدى. يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك: «سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش — ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش». بۇ قېتىمقى مەملىكەت بويىچە يېڭىچە تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كۆرگەزمە قىلىنىشى، بىر تەرەپتىن تەزكىرىچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىر قېتىملىق دوكلات قىلىنىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تەزكىرىچىلىكنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كېڭەيتىش، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، ئۆزگىچە تۈس ئالغان شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنى 5000 دىن ئارتۇق كۆرۈرمەننى جەلپ قىلدى

— مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ھەققىدە

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن رېن مىڭجى، ليۇ دېرۇن)

ئالتۇن كۈز، 10 - ئايدا، پۈتكۈل مەملىكەت دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. مەملىكەتتىكى 100 مىڭ تەزكىرىچىنىڭ دۆلەت بايرىمىغا سۇنغان كاتتا سوۋغىسى — «مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى» 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

نەتىجىلىرى مول، ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنى بەش يېرىم كۈنلۈك كۆرگەزمە جەريانىدا 5000 دىن ئارتۇق كۆرۈرمەننى جەلپ قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

## 1. كۆرگەزمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە — مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە 20 يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرۈلگەن مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مەركەزلىك نامايان قىلىنىشى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى تيېيىڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن لېي جيېپيۇڭ، چېڭ سىيۇەن، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن دېڭ لىچۈن، يۈۋېن، گۇڭ شىنخەن، ۋاڭ رېنجى، چيەن شۈگېن قاتارلىقلار كېلىپ كۆرگەزمىنى كۆردى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل سابىق باشلىقى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل باشلىقى يۈۋېن رىياسەتچىلىك قىلدى، لى تيېيىڭ ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. لى تيېيىڭ نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى — سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. 20 يىللىق تۈزۈش ئارقىلىق ھازىر مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ قېتىم كۆرگەزمە قىلىنغان ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابى 4000 غا يېتىدۇ، تارماق، كەسىپلەر تەزكىرىسى قاتارلىق ھەرخىل تەزكىرىلەر، يىلنامە ۋە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە ئائىت كىتابلارنى قوشقاندا 10 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ، خەت سانى تەخمىنەن 7 مىليارد كېلىدۇ. بۇ — پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەزكىرىچىلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا قىلغان كاتتا سوۋغىسى ھەمدە دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەتتا تارىختىن بۇيانقى تۈزۈش كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مەزمۇنى ئەڭ مول ۋە تەپسىلىي بولغان جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالىغا ئائىت بىر يۈرۈش كىتابلاردۇر. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلىنىدۇ. بىز ئېلىمىزنىڭ ئېسىل تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسىنى جارىي قىلدۇرۇپ، يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ئىشلىرىنى XXI ئەسىرگە ئىلگىرىلىتىپ، زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەۋلادلارغا ئۈرنەك قىلدۇرۇشىمىز كېرەك».

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنى جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىي مۇزېيى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. كۆرگەزمىگە 42 ئورۇن قاتناشتى، جەمئىي 70 كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىندى. جۇڭگو ئىنقىلابىي مۇزېيىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى كۆرگەزمە زالى قويۇق مەدەنىيەت كەيپىياتىغا تولدى.

**2. شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى**

شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنى كۆرگەزمە زالىنىڭ سول تەرىپىدە بولۇپ، كۆرگەزمە ئورۇنلىرىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بۇ قېتىمقى تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆرگەزمىدىن بۇرۇن نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، كۆرگەزمىگە قويۇلغان نەتىجىلەر مول، ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە بولۇپ، نۇرغۇن كۆرۈرمەننى جەلىپ قىلدى. «شىنجاڭنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن باش ماۋزۇ ئاستىدىكى كۆرگەزمە تاختىسى ئاستىغا «غەمخورلۇق ۋە قوللاش»، «ئورگان ۋە قوشۇن»، «تەزكىرىچىلىك پائالىيىتى»، «تەزكىرىنى ئوقۇش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش» دېگەن 4 سەھىپە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلاردا، ئاساسلىقى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان غەمخورلۇقى ۋە مەدەتكارلىقى تونۇشتۇرۇلغان، ۋاڭ ئېنماۋ، ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان غەمخورلۇقى ۋە مەدەتكارلىقى كۆرسىتىلگەن. «ئاپپارات ۋە قوشۇن» دا، ئاساسلىقى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەمدە تەزكىرىچىلىك سېپىدىكى جىياڭ چېڭجىيا، خې جىخۇڭ، ئابدۇساتتار ھامىدىن قاتارلىق ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىغا دائىر سۈرەتلەر بېرىلگەن. «تەزكىرىچىلىك پائالىيىتى» سەھىپىسىدە، ئاساسلىقى، شىنجاڭنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش جەريانى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بەزى چوڭ پائالىيەتلەر تونۇشتۇرۇلغان. «تەزكىرىنى ئوقۇش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش» سەھىپىسىدە، ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ساھە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش ھەمدە بۇ تەزكىرە كىتابلىرىدىكى جايلار ئەھۋالىغا دائىر تەپسىلىي ۋە ئېنىق ماتېرىياللار ئارقىلىق مەسلىھەت بېرىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتە ئېرىشىلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم تونۇشتۇرۇلغان. پۈتكۈل كۆرگەزمە تاختىسى ۋە كۆرگەزمە ئورنىنىڭ لايىھىلىنىشى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنىنىڭ نەتىجىلىرى مول، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغاچقا، كۆرگەزمە مەزگىلىدە ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، ھەربىيلەر، كادىرلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مەملىكەتنىڭ جاي جايلىرىدىن كەلگەن تەزكىرىچىلەر بار. ئۇلار كۆرگەزمە ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن، بەزىلىرى تەزكىرە كىتابلىرىنى كۆردى، بەزىلىرى ماتېرىيال ئالدى، بەزىلىرى مەسلىھەت سورىدى، بەزىلىرى كەمتەرلىك بىلەن «تەجرىبە» تونۇشتۇرۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى، بەزىلىرى كىتاب سېتىۋالدى، كۆرگەزمىنىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭدىن كۆرگەزمىگە قويۇلغان 100 نەچچە خىل تەزكىرە كىتابى تامامەن زاكاز قىلىنىپ بولدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ھەربىي ئاكادېمىيە ۋە بىر قىسىم كۇتۇپخانا، تەزكىرە سارايلىرى شۇنداقلا ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلەيدىغان يولداشلار شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمىگە قويۇلغان تەزكىرە كىتابلىرىغا ئىنتايىن قىزىقىپ، بەس - بەستە سېتىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر ئايال پروفېسسورى بىر تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن، بىرنەچچە ياردەمچىسى بىلەن ئۇدا 3 كۈن تاللاش ئارقىلىق، بىراقلا 20 كىتاب سېتىۋالدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان بىر يۇغۇر ياش شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىن «مەنبە ئىزدەپ»، كىتاب سېتىۋالمىغان ئەھۋالدا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئىجتىھات بىلەن كۆچۈرۈۋالدى. ئىلگىرى شىنجاڭدا كۈرەش قىلغان ۋە ئىشلىگەن رەھبىرىي يولداشلاردىن دېڭ لىچۈن، ياڭ كې، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ رېنجى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش شتاپ باشلىقى چيەن شۇگېن، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نى خاۋمېي، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى شى يۈەن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭ گۇاڭشۆ قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئەھۋال ئىگىلىدى، ئىمزا قويۇپ تەبرىكلىدى، بەزىلىرى بېغىشلىما يېزىپ ئىلھاملاندۇردى. چيەن شۇگېن بىرنەچچە شاۋجياڭنى باشلاپ كېلىپ، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كۆرگەزمە ئورنىدىكى خادىملار بىلەن سۈرەتكە چۈشتى. 1949 - يىلى شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا قوشۇن باشلاپ كىرگەن 6 - جۈننىڭ سابىق جۈنجاڭى لو يۈەنفا جياڭجۈن 90 ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي، روھلۇق، تىمەن ئىدى، ئۇ كۆرۈرمەنلەرگە ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندىكى ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە سۆزلەپ بەردى ھەمدە سۆز قالدۇرۇش دەپتىرىگە «شىنجاڭنى قوغدايلى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرەيلى»

www.uyghurkitap.com

دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

### 3. بىرنەچچە تەسىرات

1) كۆرگەزمە ئورنىدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنىنى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇنداق 3 ئالاھىدىلىك بار: بىرىنچى، كۆرگەزمىگە قويۇلغان 150 نەچچە خىل تەزكىرە مۇۋەپپەقىيىتى ئىچىدە قىسمەن ئۇيغۇرچە تەزكىرە كىتابى ۋە يىلنامە بار، بۇ كۆرگەزمىخانىدىكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابى قويۇلغان بىردىنبىر ئورۇن بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ كىتابلار باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن مىللىي كادىرلار ۋە ئاممىنى جەلپ قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇرچىنى بىلمىسىمۇ، ۋاراقلاپ كۆرۈپ باقتى ھەمدە «بۇ ئورۇن مىللىي ئاپتونومىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەن» دېيىشتى. ئىككىنچى، تەزكىرىچىلىك ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشتا ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ تەزكىرىچىلىك ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ غەمخورلۇق قىلىش ۋە قوللاش ئەھۋالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت تەزكىرىچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ تەزكىرىچىلىك مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇنداق ئەھۋال باشقا كۆرگەزمە ئورۇنلىرىدا ئاز ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچى، ئەڭ مۇھىمى، شىنجاڭ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە بولدى. شىنجاڭدىن كۆرگەزمىگە قويۇلغان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ۋە ۋىلايەت، ناھىيە، ئوبلاست، شەھەر تەزكىرىلىرىدىكى مەزمۇنلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىللاردىن يەنى شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز زېمىنى تەۋەسىگە قوشۇلغان ۋاقىتتىن باشلانغان. بۇ تەزكىرە كىتابلىرى تەپسىلىي ھەم ئەمەلىي بولغان مول تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يارىتالىغىنى توغرا ھەم كۈچلۈك دەلىللەپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن پارلاق نەتىجىلەر مول ۋە تەپسىلىي ماتېرىياللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئالاھىدە كۈچلۈك بولدى.

2) تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئىچكى ئۆلكىلەر پايتەختكە يېقىنراق، قاتنىشى قولاي بولغاچقا، نۇرغۇنلىرى ئاخبارات خادىملىرىنى ئالغاچ بېرىپتۇ. شىنجاڭ مەركەزگە يىراق، قاتناش قۇلايسىز، خىراجەت قىس بولغاچقا، بىز باشقىچە يول تۇتۇپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، «خەلق» گېزىتى، «نۇر» گېزىتى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدۇق. شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى توغرىلىق مەملىكەتكە خەۋەر ئېلان قىلدى. «شىنخۇا كۈندىلىك تېلېگرامما خەۋەرلىرى» ئۇنى قىسقارتىپ باستى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 4 مۇخبىرى 2 قېتىم شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنىنى سۈرەتكە ئالدى. «خەلق» گېزىتى ۋە «نۇر» گېزىتىنىڭ ماقالىلىرىمۇ تەھرىر بۆلۈملىرىگە يوللاندى. يۇقىرىقى ۋاستىلەر ئارقىلىق شىنجاڭ مەملىكەتكە تەشۋىق قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى تەسىرى كېڭەيتىلدى.

3) روھنى ئۇرغۇتۇپ، سۈرئەتنى تېزلىتىش، سۈپىتىنى يەنىمۇ كۆپەيتىش كېرەك. بىز يەنىلا ئىلغار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ كەينىدە. بىرىنچىدىن، سۈرئىتىمىز مەملىكەت بويىچە ئوتتۇراھاللارنىڭ سەل كەينىدە تۇرىدۇ. ئىچكىرىدىكى ئىلغار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشكە كىرىشتى، بىز 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىكىمىزنىڭ سۈرئىتىنى يەنىمۇ تېزلەتمىسەك بولمايدۇ، بولمىسا، پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، مالىيە كۈچى جەھەتتىكى قوللاشتىن قارىغاندا، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان پەرق يەنىمۇ چوڭىيىۋاتىدۇ. ئىچكىرىدىكى خېلى كۆپ ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تەزكىرە سارپىغا سالغان سېلىنمىسى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىكەن، بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە مەزگىلىدە بەزى ئۆلكە، شەھەرلەر تەزكىرە كىتابى سېتىۋېلىشقىلا نەچچە 100 مىڭ يۈەن ئالغاچ كەپتۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئۇلارغا زادىلا سېلىشتۇرالمايمىز.

(ئاخىرى 13 - بەتتە)

# ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشى

خۇاڭ جيەنخۇا

ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاق خەلقىنىڭ توپىلىڭىغا نىسبەتەن تەشۋىقىي تەربىيە، ھال سوراش سىياسىتىنى قوللاندى، تەشۋىقىي تەربىيە، ھال سوراش سىياسىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەۋقەسى ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا قويۇلغانىدى. ئوسماننىڭ تەسلىم بولۇشى «گومىنداڭنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، قىزىقتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى»①. بۇ ئۆزىگە تارتىپ، قىزىقتۇرۇش 1944 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتىن باشلىنىپ، 1946 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بەرگەندە ئاياغلاشقان. ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش پائالىيىتىنى بىلىدىغانلار ئاز، بۇ ماقالىدا ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ پائالىيىتى بايان قىلىنىدۇ.

**1. ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشنىڭ سەۋەبى**

ۋۇ جۇڭشىن ئەنخۇي ئۆلكىسى خېفېي شەھىرىدىن، ئۇ ئىلگىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولغان، چېگرا رايوننىڭ ئىشلىرىغا پىششىق ئىدى. ئۇ 1944 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغاندىن كېيىن، قازاق خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى توپىلاڭلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئوسماننى ئەل قىلىش سىياسىتىنى بەلگىلىدى. بۇ سىياسەتنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار ئىدى:

1) پەقەت قورالغىلا تايىنىپ ئوسماننى يوقىتىش قىيىن ئىدى

شىنجاڭدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ توپىلاڭلىرى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا باشلانغان. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي قازاق چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى قوزغىغان. مىلتىق چارۋىچىلارنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتىدىن قوغدىنىدىغان قورالى، يۇقىرىغا مىلتىق تاپشۇرۇش چارۋىچىلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت بولغاچقا، بۇ ھەرىكەت ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە پىلىك بولدى. قازاق چارۋىچىلارنىڭ توپىلىڭى نەچچە قېتىم كۆتۈرۈلۈپ، نەچچە قېتىم پەسەيگەن، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر ئۆچمىگەن. ئوسمان ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭ قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن توپىلاڭنىڭ باشچىسى بولۇپ قالغانىدى. تاشقى موڭغۇلىيە ئوسماننى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۇنى قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىدى. ئوسمان ھەربىي ئىشلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، تاشقى موڭغۇلىيە بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بەردى. قازاق مىللىتى ئاتلىق يۈرىدىغان مىللەت، ئۇلار چەۋەنداز ھەم مەرگەن كېلىدۇ، يەر شارائىتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇش، جەڭ قىلغىلى بولىدىغان



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چاغدا يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇرۇشقىلى بولمىسا تاغ، چۆللەرنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ چىقمايتتى. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، گومىنداڭ ئەسكىري كۈچىنى يېتىشتۈرەلمەي، ھەممىلا يەردە مۇداپىئە قۇرغان بولسىمۇ، پاسسىپ ھالەتتە دەككە يەپلا تۇراتتى. ئوسماننى باستۇرۇشنى ئاساس قىلغاندا، باستۇرغانسېرى توپىلاڭچى ئاما شۇنچە كۆپىيىپ كېتەتتى. قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تېزدىن تىنچىتمىغاندا، تۇرلۇك زىددىيەتلەرگە تولۇپ كەتكەن شىنجاڭ تېخىمۇ مالىمانلىشىپ كېتەتتى. بۇنىڭ خەۋپىنى چوڭقۇر بىلىدىغان ۋۇ جۇڭشىن باستۇرۇش بىلەن ھال سوراشتىن تەبئىيلا ھال سوراش ۋاستىسىنى تاللىدى.

2) ئوسمان قارشى تۇرۇش نىشانىنى يۆتكىۋېلىپ قويدى

«ئوسمان ماھىيەتتە قاراتۇرك، دىنىي ئېتىقادى، فېئوداللىق ئېڭى كۈچلۈك ئادەم ئىدى» ②. ئۇ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشتا «شىڭ دۇبەننىڭ زوراۋان سىياسىتىنى قارشى تۇرۇش نىشانى قىلىپ، خەلقنى شىڭ شىسەينىڭ خەلقنى قالايمىقان تۇتۇپ، زورلۇق بىلەن شىلىشىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان» ③ شىڭ شىسەي ۋەزىپىسىدىن قالغاندىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن «باج - سېلىقنى راسا كېمەيتتى» ④، ئوسماننىڭ «ھۇجۇم قىلىش نىشانى ئېغىزدا بولغان بىلەن» «ئاللىقاچان مەۋجۇت بولماي قالدى» ⑤، گومىنداڭ قورال كۈچى ئىشلەتكەندىن تاشقىرى «ھال سوراش چارىسىنى قوللىنىپ، مەردلىك كۆرسىتىپ، ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى» ⑥.

3) ئوسمان سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالدى

سوۋېت ئىتتىپاقى، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئوسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى، بۇ ئىككى تەرەپ ھوقۇق - مەنپەئەت ئۈچۈنلا ئامالسىز بىرلەشكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينى سوۋېتكە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن جازالىماقچى ئىدى، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا پەقەت ئوسمانلا قولىغا قورال ئېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن قارشىلىشىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى. ئوسمان سىرتقى كۈچلەردىن مەدەت ئېلىش ئۈچۈنلا سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيىلەرگە تايانغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە ئىدىئولوگىيىسى» بىلەن «قەتئىي چىقىشالمايتتى» ⑦. 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىدە تەربىيىلەنگەن ئىنقىلابچى دەللىقاننى ئوسماننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، كۆرۈنۈشتە ئوسمانغا ياردەملەشكەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكچى بولدى. دەللىقان ناھايىتى تېزلا ئوسماننى قۇرۇق قارانچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويدى، «ھەممە ئىش دەللىقاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن بولىدىغان بولدى» ⑧. ئوسماننىڭ يېنىدا تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ ئەۋەتكەن نازارەتچىسى بار ئىدى، «ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۆز ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى» ⑨. «قەيەرگە بېرىش - قەيەردە تۇرۇشنىمۇ تاشقى موڭغۇلىيە بەلگىلەپ بېرەتتى ھەم نازارەت قىلاتتى» ⑩. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن، ئوسمان باشقىلارغا: «تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئوبدان بىلىمەن، كېيىنلىكتە ئۇلار مېنى يا تۇتۇپ كېتىدۇ، ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن. ۋۇ جۇڭشىن بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئوسماننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئىرادىسى كۈچەيدى، ئۇ، بۇنداق قىلغاندا، 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پارتلىغان ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاتقىلى بولىدۇ، بۇ پەردە ئارقىسىدىكى رىياسەتچى سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ «تېخىمۇ قاتتىق بىر زەربە» بولىدۇ، دەپ چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

4) ئوسماننىڭ ئەسلى زاتى پەس بولغاچقا، ئاممىنى باشقۇرالمايتتى

قازاق خەلقى كۆچمەن چارۋىچى پاتېرىئارخال فېئوداللىق جەمئىيەتكە مەنسۇپ ئىدى، چارۋىچىلار قەبىلە باشلىقلىرىغىلا گېپىنى ئاڭلايتتى. شىڭ شىسەي قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنى ۋە باشقا يۇز ئابرويلۇق زاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى بىلگىلى بولمىدى.

ئوسمان ھۆكۈمەتكە قارشى چىققاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىدى. لېكىن ۋۇ جۇڭشىن قازاقلارنىڭ ئەلەن جۇڭۋاڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۆتىۋەرلىرىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر دەرھال ئالتاي قاتارلىق جايلارغا قايتىپ كېلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ چاغدا ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئوسماننىڭ ئىناۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئوسمانمۇ ئامالسىز: «مەرتىۋەم ئەسلى تۆۋەن ئىدى، ئىلگىرى قازاقلارنىڭ باشلىقلىرىنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ كەتكەچكە، ماڭا ئاۋاز قوشۇپ، قازاق خەلقى مېنى قوللىغانىدى، بۈگۈنكى كۈندە شىڭ شىسەي كېتىپ، ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، قازاقلارنىڭ ئەلەن جۇڭۋاڭ قاتارلىق باشلىقلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، مېنىڭ چاقىرىقىم ئەسقاتماس بولۇپ قالدى، خەلقنىڭ رايىنى تارتىشقىمۇ ئىشەنچىم يوق»⑪ دەپ ئېتىراپ قىلدى. ۋۇ جۇڭشىن ئوسمان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، تاشقى جەھەتتە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدى، ئىچكى جەھەتتە، خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلدى، ئامما ۋە يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى، شۇڭلاشقا ئۇ «ئىتائەت قىلىشنى خالايدۇ»⑫ دەپ قارىدى.

## 2. ئوسماننىڭ چاپارمەنلىرىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋۇ جۇڭشىن رىياسەتچىلىك قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەينىڭ باشچىلىقىدا تەشۋىقىي تەربىيە بېرىش، ھال سوراش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەشۋىق قىلىش - ھال سوراش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. تەشۋىق قىلىش - ھال سوراش كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا نۇرغۇن تەشۋىق قىلىش - ھال سوراش ئەترەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئابرويلۇق زاتلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. مەسىلەن: قازاقلاردىن ئەلەن جۇڭۋاڭ، ئۇنىڭ خوتۇنى خادىۋاڭ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. تەشۋىق قىلىش - ھال سوراش ئەترەتلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، شېڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىنى بىكار قىلىپ، خەلق بىلەن يېڭىباشتىن مۇناسىۋەت باغلىماقچى ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلدى. تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولدى، چېچىلىپ كەتكەن چارۋىچىلار ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كەلدى، «ھەرقايسى ناھىيىلەر تىنچلاندى»⑬. مۇشۇنداق قىلىپ، ۋۇ جۇڭشىن پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوسمانغا تاقابىل تۇردى.

ئوسماننىڭ قول ئاستىدا مانات، كېلىس، سۇلايمان، قاباس، كامىل دەپ 5 چاپارمىنى بار ئىدى. ماناتنىڭ كۈچى ئەڭ زور بولۇپ، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقايلاردا ھەرىكەت قىلاتتى؛ كېلىس ماناتقا يېقىن ئەتراپتا ماناتنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى؛ سۇلايمان بىلەن قاباس ماناس، شىخولارنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي قۇملۇق ئەتراپىغا جايلاشقانىدى؛ كامىل ئوسماننىڭ ئىنىسى بولۇپ، بەيتىك تېغىدا ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرقوجاي شىمالىي قۇملۇق ئەتراپىغا جايلاشقانلارنىڭ مۇھىم ئاتامانلىرىدىن ئىدى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات ھۇجۇمى ئالدىدا، ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكى جايلاردىكى باشلىقلار «كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا بويسۇنغان، كۆڭلىدە تەۋرىنىپ قالغانىدى»⑭. ۋۇ جۇڭشىن پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئالدى بىلەن ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئىش باشلىدى.

### 1) ماناتنى ئەل قىلىش

مانات «ئوسماننىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى»⑮ ئىدى. ماناتنى ئەل قىلغاندا، ئوسمانغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولاتتى. 1945 - يىلنىڭ بېشىدا بۇرۇلتوقايدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى لو خۇڭچياڭ ئادەم ئەۋەتىپ مانات بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئىتائەت قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى بايقىدى. تەشۋىقىي تەربىيە بېرىش - ھال سوراش خادىملىرى 2 - قېتىم ماناتنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇ بۇرۇلتوقايغا ئەلچى ئەۋەتىپ، 3 ئات سوۋغا قىلىپ لۇ خۇڭچاڭغا

www.uyghurkitap.com

ئەل بولۇشنىڭ 2 شەرتىنى قويدى: بىرى، قول ئاستىدىكىلەرنى ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ماناتنىڭ بۇرۇلتوقايدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بېرىپ، سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش، مانات ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ سەممىيىتى بولسىلا ئۆزى بۇرۇلتوقايغا بېرىپ ئەل بولۇشقا ۋەدە بەردى. لۇ خۇڭچاڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن يولىيورۇق سورىدى، ۋۇ جۇڭشىن 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىللە تېلېگراممىا قايتۇرۇپ، ماناتنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇرۇلتوقاي تەرەپتىن دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ، ماناتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئاپىرىپ بەردى، ماناتمۇ كېيىپىدە تۇرۇپ، ئۆزى بۇرۇلتوقايغا كەلدى. شىنجاڭ دائىرىلىرى ماناتنىڭ ئادەملىرىنى ئامانلىق قوغداش چوڭ ئەترىتى قىلىپ تەشكىللىدى، ماناتنى ئەترەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. مانات بىر ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## 2) سۇلايمان بىلەن نۇرقوجاينى ئەل قىلىش

ھەر يىلى 10 - ئايدا قار ياغقاندىن تارتىپ، كېلەر يىلى 4 - ئايدا قار ئېرىگىچە شىمالىي قۇملۇق قازاق توپىلاڭچىلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان مۇھىم ئورنى بولاتتى. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1945 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئوسماننىڭ كۆپىنچە كۈچلىرى مۇشۇ يەرنى لاگىر قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ مۇھىم باشلىقلىرىدىن سۇلايمان، قاباس ۋە نۇرقوجايلار بار ئىدى. سۇلايمان ئەسلى ئوسماننىڭ مۇئاۋىنى ئىدى، دەلىلقان ئالتايغا كەلگەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە دەلىلقان باشلىق بولۇپ قالدى، بۇ ئەھۋالدىن سۇلايمان خاپا بولدى. ئۇ ئوسمانغا: «ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرۇشىمىز، يات كىشىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك»⑯ دېگەنىدى. بۇ گەپنى دەلىلقان ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوسماننىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئوفىتسېرى ماجىق سۇلايماننى چاقىرىپ ئەيىپلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلايمان بىر چەتتە قايرىلىپ قالدى. بۇنىڭدىن سۇلايماننىڭ كۆڭلى رەنجىپ، 1944 - يىلى كۈزدە ئوسماندىن ئايرىلىپ، شىمالىي قۇملۇققا كۆچۈپ كېلىۋالدى.

1944 — 1945 - يىللارنىڭ ئارىلىقىدا ۋۇ جۇڭشىن فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى بىر قازاق كەنت باشلىقى قاجىبالادىن شىمالىي قۇملۇققا خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، فۇكاڭ ناھىيىسىدە موڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار بىرلىشىپ قازاقلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. شىمالىي قۇملۇقتىكى توپىلاڭچى قوشۇن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، فۇكاڭ ناھىيە بازىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن قازاق خەلقىنىڭ قىساسىنى ئالىمىز، دەپ داۋراڭ سالدى. ۋۇ جۇڭشىن دەرھال دېڭ شياڭخەينى قوشۇمچە ھەربىي سودىيە سالاھىيىتى بىلەن بۇ ئىشنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. دېڭ شياڭخەي بۇ ۋەقەدىكى مۇھىم جىنايەتچىلەرنى ئۆلۈمگە ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئىشنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، فۇكاڭ ئەتراپىدىكى قازاقلار ماختىشىپ: «ئەزەلدىن خەنزۇلار قازاقلارنى ئۆلتۈرسە سۈرۈشتە قىلىنمايتتى، بۇ قېتىم ئۇلارنى جازالىدى ھەم ئۆلۈم جازاسى بەردى، بۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن ئىش بولدى» دېيىشتى. كېچە - كۈندۈز جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ دېڭ شياڭخەيگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقان توپىلاڭچى ئامما بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى تەسىرلەندى، فۇكاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ھۆكۈمەتتىن ئەپۇ سورىدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇلاڭچىلىق قىلىشنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1945 - يىل 2 - ئايدا ئوسمان قاباس، سۇلايمانلارنى ئالتايغا چاقىردى. قاباس باردى، سۇلايمان بۇيرۇققا بويسۇنمىدى. ۋۇ جۇڭشىن قاجىبالانى شىمالىي قۇملۇققا يەنە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى. سۇلايمان: «ئىدىنى يىلى ئوسمان بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولىمىز، دەپ ئەھدە قىلىشقانىدۇق، ھازىر ئوسمان تاشقى

موڭغۇلىيىنىڭ سىزىقىدىن چىقالماس بولۇپ قالدى، مەن ئۆزەم يالغۇز ئەھدىنى بۇزۇپ ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلالمايمەن» [17] دېگەن. ۋۇ جۇڭشىن ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن قاجىبالاغا مۇنداق دېدى: «سۇلايماننىڭ ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىشىغا مۇنداق 3 باھانە بار: بىرى، دۆلەت، يەرلىك ئۈچۈن؛ ئىككىنچىسى، ئۆزى ئۈچۈن (سۇلايمان كېيىنلىكتە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قىسمىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئەركىن بولالمايدۇ)؛ ئۈچىنچىسى، دوستى ئوسمان ئۈچۈن (ئەگەر سۇلايمان ئىتائەت قىلسا، ھەمكارلىشىپ ئوسماننى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ) ئىتائەت قىلىدۇ [18]. بۇ گەپ كېيىنچە سۇلايمانغا يەتتى.

3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، بۇيرۇققا بىنائەن ئەل بولۇپ قايتىپ كەلگەن قۇسايىن شىمالىي قۇملۇقتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى قۇرماش بىلەن قىنىاياتنى باشلاپ كەلدى، ئۇلارنى ۋۇ جۇڭشىن ئۆزى بىۋاستە قوبۇل قىلدى. 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ۋۇ جۇڭشىن يەنە شىمالىي قۇملۇقنىڭ ۋەكىللىرى مىشەل، قابىل (نۇرقوجاينىڭ ئىنىسى) لارنى قوبۇل قىلدى. مىشەل قاتارلىقلار سۇلايمان بىلەن نۇرقوجاينىڭ جاۋاب خېتىنى ۋۇ جۇڭشىنگە تاپشۇردى. ھۆكۈمەت بىلەن ئالتاي شەھىرىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىشقا كېلىشتى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماناتنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بولۇۋاتاتتى. ۋۇ جۇڭشىن ئىشنىڭ پۈتۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىمالىي قۇملۇققا قايتقان مىشەللەردىن سۇلايمان، نۇرقوجايلارغا 8 توپ چىت، 10 تاختا چاي، 2 كىيىملىك تاۋار، 2 تال كارابىن مىلتىق ۋە 200 تال ئوق ئەۋەتتى. ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ماددىي بۇيۇملار ناھايىتى قىس بولغاچقا، بۇ نەرسىلەر ناھايىتى قىممەتلىك سوۋغا بولدى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە ئالتايدىكى ئەلەن جۇڭۋاڭغا سۇلايماننىڭ بالا - چاقىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلۈشنى بۇيرۇدى.

شىمالىي قۇملۇقتا قار ئېرىگەندىن كېيىن، سۇلايمان، نۇرقوجايلار كۆكتوقاي ئەتراپىغا چېكىنىپ جايلاشتى. 5 - ئايدا سۇلايمان ئالتايغا ئەلەن جۇڭۋاڭ بىلەن ئەل بولۇش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكىلى ئادەم ئەۋەتكەندە، دەلىلقان قىسىملىرىنى باشلاپ ئالتايغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، نۇرقوجاينىمۇ ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇرىي قاتناشتۇردى. دەلىلقاننىڭ قىسىملىرى ئالتاينىڭ ئەتراپىنى زىچ قورشىۋالغانلىقتىن، سۇلايماننىڭ قىسىملىرى شەھەرگە كىرەلمەي، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. دەلىلقاننىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، نۇرقوجاي 10 نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئالتايغا كىرىپ تەسلىم بولدى. قاباس نۇرقوجاينىڭ تەسلىم بولغىنىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، سۇلايمانغا: سىلەر جان دوست بولغاندىكىن، تېزدىن بىر ئامال قىلىپ، نۇرقوجاينى قايتۇرۇپ كەلمەيدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ چارۋىلىرىڭلارنى تارتىۋېلىپ، سېنى ئوسماننىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، دەپ ئاچچىقلىدى، سۇلايمان ۋەزىيەتنىڭ بىئەپلىكىنى كۆرۈپ، ئالتايغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، گومىنداڭغا تەسلىم بولدى.

### 3) كامىلنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى

كامىل بەيتىك تېغىنى بازا قىلىپ، ئەتراپىنى پاراكەندە قىلاتتى. 1944 - يىلى قىشتا، كامىل گۇچۇڭ، مورىلاردىكى قازاق چارۋىچىلارنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ كەتكەنىدى. تەشۋىقىي تەربىيە بېرىش - ھال سوراش ئەترىتى مىچۇەن، جىمسار، فۇكاڭ، گۇچۇڭ، مورىلارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قازاق خەلقىنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى ھەم بەيتىككە ئادەم ئەۋەتىپ، تارقىلىپ كەتكەن چارۋىچىلارنى قايتۇرۇپ كەلدى. قايتىپ كەلگەنلەرگە ھەر بىر ئائىلىگە ھۆكۈمەت 1000 يۈەن يېڭى پۇل، بىر تاختا چاي تارقىتىپ بەردى. مەجبۇرىي كېتىپ قالغان چارۋىچىلار كەينى - كەينىدىن قايتىپ كېلىشكە باشلىدى، گۇچۇڭغىلا 1000 دىن ئارتۇق ئائىلە، مورىغا 700 ئائىلە، فۇكاڭ، جىمسارلارغا 400 نەچچە ئائىلە قايتىپ كەلدى. «قالغانلىرى قېرى - چۈرى، ئۆلۈغ - ئۇششاقلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى» [19].

كامىل چارۋىچىلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ ئاتتىكەي، ئۇقاجان باشچىلىقىدىكى گوڭچۇڭلۇق چارۋىچىلارنى قوغلاپ بارغاندا ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ قىلىپ، كامىل جەڭدە ئۆلدى. ۋۇ جۇڭشىن ئۆزى خەت يېزىپ، بەيتىككە ئادەم ئەۋەتىپ، ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى، قالغان كاتتىۋاشلار كەينى - كەينىدىن «بولاڭچىلىقنى توختىتىپ، نەسىھەتنى ئاڭلايدىغانلىقىنى»⑳ بىلدۈردى.

### 3. ئوسماننى ئەل قىلىش

ئوسمان كۆپ يىل قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەچكە، ھۆكۈمەتنىڭ يوقىتىش، كەڭچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت 2 قوللۇق سىياسىتىنى چۈشىنەتتى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئۇنى ئەل قىلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن «ئوسماننىڭ ئىلگىرىكى گۇناھى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» دەپ داۋراڭ سالسا، بىر تەرەپتىن پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى.

ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئىشەنچىسىدىن، ئىچكى جەھەتتە چارۋىچىلارنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن ئۇچۇن ئۇنى ئەل قىلىش پۇرسىتى كەلدى. 1945 - يىل 1 - ئايدا ۋۇ جۇڭشىن ئالتاي، چىڭگىل، جىمىنەي، قابا ناھىيىلىرىگە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەن مۇقاش قاتارلىق كىشىلەرگە «بۆلۈنۈپ، مەخپىي ئىبرىپ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش» نى تاپىلىدى، ئەگەر ئوسمان ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسە، جەزمەن «قىزغىن كۈتۈۋالىدىغان» لىقىنى، ئەگەر پۇرسەت بولۇپ قالسا، ئۇ يەنە ئوسماننى جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ بىلەن «كۆرۈشۈش» كە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدىكى ئىلى ئىنقىلابى پارتلىدى، قوزغىلاڭچى ئامما ئىلى تەۋەسىدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنى ناھايىتى تېزلا تازىلاپ، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1945 - يىل 1 - ئايدا ئوسمان 12 ئۇيغۇرنى ئىلىغا ئىبرىپ ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىپ، ئىلىدىكى ئەھۋالنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئوسماننىڭ ئەھۋالى ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئېنىق بولماي تۇرۇپ، تەرەپبال ھەرىكەت قىلمايتتى.

ئوسمان جۇڭگو بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ جۇڭگو تەرىپىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغۇچىلىرى بىلەن ئەڭ دەسلەپ 1945 - يىل 2 - ئايدا كۆرۈشتى. بۇرھانوپتىكى ئورازئەلى بۇيرۇق بويىچە شىمالىي قۇملۇققا كېلىپ، ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغاندى، شىمالىي قۇملۇقتىكى كاتتىۋاشلار ئۇنى ئوسماننىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويغاندى. ئوسمان ئوراز ئەلگە: «رەئىس ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا كېلىپ قىلىۋاتقانلىرىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، بۇ شېڭ دۇبەننىڭ ھىيلە - مىكىرىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، شېڭ شىسەي ھازىرمۇ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇ چوڭ ياشلىق ۋۇ جۇڭشىننىڭ نامىنى سېتىپ، ھال سوراش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مېنى قارماققا ئىلىندۇرمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئەگەر راستىنلا شېڭ شىسەي كېتىپ، ۋۇ جۇڭشىن كەلگەن بولسا، ۋۇ جۇڭشىن رەسمىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ سۆزلەشكەن بولاتتى. ئۇنداق بولمىسا ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ ئىشى، ئۇ شىمالىي قۇملۇقتىكى پۇقرالارنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى. شۇنىڭ ئۇچۇن ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىپ قىلىشقا ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن»㉑ دېدى. ئوسمان بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئوفىتسېرى يېنىدا تىڭشاپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ بىرئاز مىكى - مىكى قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن دېگىنى ئەمەلىيەتتە بىر خىل باھانە㉒، ئەسلىدە ئۇ ۋۇ جۇڭشىننىڭ «رەسمىي ۋەكىل» ئەۋەتىشىنى، چوڭ ئەمەلدارلاردىن ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئوسمان ئەل بولۇشنى گەپنى ئەگىتىپ رەت قىلدى ھەم ۋۇ جۇڭشىننىڭ چوڭ ئەمەلدار ئەۋەتىپ ئۆزىگە ئەل بولۇشنى مەسلىھەتلىشىدىغان چېكىنىش يولى بېرىشىنى ئىشارەت قىلدى، شۇنداقلا تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپنى بىخوتلاشتۇردى.

ئوسمان كۆكتوقايلىق ئىدى، تاشقى موڭغۇلىيە ئوسمانغا ياردەملىشىپ كۆكتوقاينى ئىشغال قىلماقچى بولغاندا، ئوسمان «ئوزۇق كەمچىل، ئاتلار ئورۇق، يۈرۈش قىلىش ئەپسىز» دەپ، رەت قىلدى[23]. ئوسمان كۆكتوقايغا قايتماقچى بولغاندا، تاشقى موڭغۇلىيە تەستىقلىمىدى[24]. ۋۇ جۇڭشىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆكتوقايغا قايتماقچى بولۇشى ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ھازىر تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئاشكارا يۈز ئۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا ئوسمان «بىرىنچى قەدەمدە كۆكتوقايغا قايتىپ كېلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چۈشكىدىن قۇتۇلماقچى، ئاندىن كېيىن ئەل بولماقچى»[25] دەپ تەھلىل قىلدى.

كېيىنكى پاكىتلاردىن قارىغاندا، ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ ھۆكۈمى خاتا چىقتى. ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى تەرەپنىڭ باشلاش ئالدىدا تۇرغان ھەربىي ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن تاغدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قورallıق كۈچلەرنى تېخىمۇ ئاكتىپ قوللىدى. گومىنداڭ تەرەپ بولسا ئارمىيىنىڭ تەمىناتى جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، كۆكتوقاي، ۋۇخې، قاراتوڭكي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى ئاستا - ئاستا گۇچۇڭغا چېكىندۈرۈپ كەتتى. بۇ ھەرىكەت ئالتاي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا بېرىلىدىغان تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، ئالتاي مۇداپىئەسى ئاللىقاچان «مات بولغان شاھمات»[26] قا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى كۈندىن - كۈنگە چوڭ پەرقلەنگەن ئەھۋالدا، ئوسمان ئاخىرى ئىلى تەرەپتە تۇرۇشقا بەل باغلاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قولىدىكى ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئوسمان 1000 ئادەمنى باشلاپ، 3 يولغا بۆلۈنۈپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئالدىن خەۋىرى بولغاچقا، تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئوسمان شەھەرنى 7 سوتكا قورشاپ ئالالمىدى، 30 - كۈنى چېكىندى. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دەلىلقان 1200 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن ئالتايغا قورشاپ، ھۇجۇم قىلىپ، ئالالماي تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئوسمان ياردەمگە كەلمەكچى بولدى، دەلىلقان ئۇنى توسقان بولسىمۇ، ئۇ گەپكە كىرمەي 900 ئادەمنى تاللاپ كېلىپ، ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ بولدى. ئۇ شىمىرشېكتە تۇرۇۋاتقان قوشۇن بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا، 12 ئادىمى ئۆلۈپ، چېكىنىپ كەتتى. 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈرخۇدا تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، 15 ئادىمى ئۆلۈپ، ھۇجۇمى مەغلۇپ بولدى. قاباس خەۋەر ئالالماي، 300 ئادەم بىلەن سارچوقىدىن يېقىن يول بىلەن ئالتايغا كەلگەنىدى، گومىنداڭ قوشۇنلىرى توسۇپ زەربە بەرگەندە، 50 ئادىمى ئۆلۈپ، چېكىندى.

تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ مانات، سۇلايمان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەسلىم بولغىنىدىن ساۋاق ئېلىپ، گومىنداڭ ئەۋەتكەن تەشۋىقىي تەربىيە بەرگۈچى، ھال سورىغۇچىلاردىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. ئۇلارنى بايقىسىلا، دەرھال تۇتۇپ، بەزىلىرىنى ئوسمانغا ئاپىرىپ بەردى، بەزىلىرىنى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتتى. تەشۋىق قىلىش، ھال سوراش خىزمىتىگە كۈچ چىقارغان ئەلەن جۇڭۋاڭ خۇرسىنىپ: «تەشۋىقىي تەربىيە بېرىش، ھال سوراش خىزمىتى بەك مۇشكۇل ئىش بولدى، ئىلگىرىلەش تەس بولۇۋاتىدۇ»[27]، دېدى.

ۋۇ جۇڭشىن ئوسماننى ئەل قىلىش خىيالىدىن ۋاقتىنچە كېچىپ، مۇنداق دېدى: «ھۇشىنى تاپمىدى»، «ھۆكۈمەت ئۇنى يوقىتىشنى قارار قىلدى»[28]. سۇلايمان ۋۇ جۇڭشىنغا قوراللىق قازاقلاردىن 1000 ئادەم بىلەن ئالتايغا بېرىپ ئوسمانغا ھۇجۇم قىلسام، غەلىبە قىلالايمەن، دەپ سۆز بەردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا ۋۇ جۇڭشىن مۇداپىئەدىن ئەنسىرەپ تۇرغىنىدا، نەدىمۇ يىراققا ئەۋەتىپ، تۈيۈقسىز زەربە بەرگىدەك كۈچى بولسۇن.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، دەلىلقان ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. 31 - كۈنى شىمالغا يۈرۈش قىلغان ئىلى مىللىي ئارمىيىسى دۆربىلجىن، چۆچەكلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئىشغال قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە قابادىكى پارتىزانلارغا ماسلىشىپ، قابانى ئىشغال قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە بۇرچىننى ئىشغال قىلدى. 6 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە دەلىلقان بىلەن بىرلىشىپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. ئىلى تەرەپنىڭ كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوسماننىڭ دەلىلقان ۋە ئىلى تەرەپ بىلەن بولغان ئارازلىقى بارغانسېرى چوڭايدى. مىللىي ئارمىيە ئالتايغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئوسمان بۇلغۇن، چىڭگىل دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا ۋە بەيتىك تېغىنىڭ شىمال تەرەپلىرىگە كېتىپ، قوشۇننى دەم ئالدۇردى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە: «چارۋىچىلار-دىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ، چارۋىدىنمۇ نۇرغۇن زىيان بولدى، بۇ يىل ئالتايدا جەڭ قىلغاندا 300 نەچچە ئەسكەر ئۆلۈپ كەتتى. . . بۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلارنىڭ ئەل بولۇش ئەركى ئۆزىدە، مەن توسمايمەن. ھازىر مېنىڭ باشقا ئويۇم يوق، پەقەت چارۋىچى ئاممىا بىللە ھۆكۈمەتكە ئەل بولۇشنىلا ئويلاۋاتىمەن» [29] دېگەن.

ئىلى تەرەپ ئالتاينى ئەمدىلا ئىشغال قىلغاندا، ئوسماننىڭ قولىدا يەنە ئەمەلىي كۈچ بار ئىدى. ئالتاي رايونىنى مۇستەھكەملەشتە ئوسماننىڭ ھەمكارلىقىدىن ئايرىلغىلى بولمايتتى، ئىلى تەرەپ ئۇنى ئۆزلىرى تەرەپتە ئېلىپ قېلىپ، ئۇنى ئالتايغا ۋالىي قىلماقچى بولدى. ئوسمان بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشكە ئۇنىماي، ئالتايدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغىمۇ قاتناشمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي قوماندانى لاتوف بىلەن دەلىلقان ئۆزلىرى بېرىپ تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنلا، ئوسمان ئاندىن بۇ خىزمەتنى مەجبۇرىي ئۈستىگە ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە ۋالىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئالتايدىن كۆكتوقايغا كېلىپ تۇرۇۋالدى.

ئوسمان: ئالتاي ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشتا ئاۋۋال قوزغالغان، ئىلى ئىنقىلابى كېيىن ئالتاينىڭ تەسىرى بىلەن قوزغالغان. ئالتاي توپىلىڭى ئىلى ئىنقىلابىغا يول ئېچىپ بەرگەن تۇرسا، ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپ، ئۇلار ئالتاينىڭ ئىشىغا ئارىلىشامدىكەن! [30] دەپ، ئالتاينى ئۆزىنىڭ زېمىنى دەپ قاراپ، ئىلى تەرەپنىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا يول قويمىدى، ئۇنىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن ئايرىلىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوسمان گومىنداڭ تەرەپنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتاتتى. گۇچۇڭ، فۇكاڭلارنى قوغداۋاتقان چىڭخەي 5 ـ ئاتلىق ئارمىيىسى چەۋەندازلىق، مەرگەنلىككە ئۇستا ئىدى. شىمالىي قۇملۇقتىكى توپىلاڭچى قوشۇن چىقىپ پاراكەندىچىلىك سالسا «قاتتىق زەربە بېرىپ، قوغلاپ، ئۇلارغا قىلچىمۇ ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمىدى» [31]. ئوسمان گومىنداڭ ئالتايغا ھۇجۇم قىلسا، ئۆزىنىڭ مۇقەررەر يوقىلىدىغانلىقىنى تۇيدى [32]. گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقتى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇنۇس قاتارلىق كىشىلەرنى فۇكاڭغا «ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى ئادەتتىكى ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە» [33] ئەۋەتتى.

جۇنۇس قاتارلىق كىشىلەر فۇكاڭغا كېلىپلا 5 ـ ئاتلىق ئارمىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە ئوسماننى ئەل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ئۇ جۇنۇسنى ئۆزى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «ھەر ئىشتا مۇۋاپىق غەمخورلۇق قىلدى»، ئايرىلىش ۋاقتىدا يەنە پاختىلىق كىيىم، تۇماق قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. ۋۇ جۇڭشىن جۇنۇسقا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئوسمانغا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزمەكچى بولدى.

شىمالىي قۇملۇقتا تۇرۇۋاتقان قاباس ھۆكۈمەتكە ئەل بولغان سۇلايمان ۋە نۇرقوجايلارغا خەت يېزىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى سۈرۈشتۈردى، تەلەپپۇزىدا ئەل بولىدىغانلىقىنى پۇراتتى. ۋۇ جۇڭشىن يەنە بىر قېتىم ئوسماننى ئەل قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ نۇرقوجاينى ئۆزىنىڭ خېتىنى ئېلىپ شىمالىي قۇملۇققا بېرىپ، قاباس بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، قاباسنى ئاۋۋال ئەل قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئوسمانغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولدى.

ئوسمان، قاباسلار ۋۇ جۇڭشىننىڭ خېتىنى

تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خەتنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلىدى. ئوسمان ئالتايغا كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا قاباسنى شىمالىي قۇملۇقتا تۇرۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم خەۋەرلىشىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. قاباس ۋۇ جۇڭشىنغا جاۋاب خەت يېزىپ، 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ۋۇ جۇڭشىن بىلەن سۆھبەتلىشىشكە كېلىشتى.

ۋۇ جۇڭشىن نۇرقوجاينى فۇكاڭغا قاباسنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى نۇرقوجاي قاباسنىڭ كەنىن، ئېردىقان قاتارلىق ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. كەنىن قاتارلىق كىشىلەر قاباسنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى، خەتتە ھۆكۈمەتتىن ئاشلىق، چاي، قەنت قاتارلىق ماددىي نەرسىلەر بىلەن قۇتقۇزۇش بېرىشنى ئۆتۈنگەن ھەم ئالتاي تەرەپكە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ھوقۇقىنى بېرىش ۋە مىللىي قىسىم تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. قاباس كەنىن قاتارلىق كىشىلەر ئالتايدىكى ئوسماننىڭ يولىيورۇقىنى ساقلاپ، كېچىكىپ يولغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى.

1945 - يىل 10 - ئايدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئىلى تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىككى تەرەپ «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن شىنجاڭ توپىلاڭ بولغان رايونلارنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ماددىلار» نى ئىمزالاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 مۇئاۋىن رەئىسنى جايلار كۆرسەتسە، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى، ئىلى تەرەپنىڭ مىللىي ئارمىيە تەشكىللىشىگە رۇخسەت قىلىشنى بەلگىلىدى. ۋۇ جۇڭشىن ۋەزىپىدىن يۆتكىلىدىغان، كەلگۈسىدە جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولىدىغان بولغاچقا، ئوسمان ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش ۋە مىللىي قوشۇن تەشكىللەش شەرتىگە ۋۇ جۇڭشىن جاۋاب بېرىشكە ھوقۇقسىز ۋە ئامالسىز ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كەنىن قاتارلىق كىشىلەرگە ئاشلىق قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى بېرىشتە «مەسىلە يوق»㉞ دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، ۋۇ جۇڭشىن ئوسماننى ئەل قىلىشتا ئۈمىد بارلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئەل قىلىش خىزمىتىنى «بوشاشماي كۈچەيتىش»㉟ كە ئۆزىنى رىغبەتلەندۈردى. ئۇ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قوشۇمچە مۇئاۋىن قوماندانى گو چىچاۋ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، نۇرقوجاي ۋە قۇسايىنلارنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. نۇرقوجاي شىمالىي قۇملۇققا بېرىپ قاباس بىلەن، قۇسايىن ساقچى باشقارمىسىنىڭ بىر جاسۇسى بىلەن ئالتايغا بېرىپ، ئوسمان بىلەن سۆھبەتلەشتى.

ۋۇ جۇڭشىن بۇ قېتىمقى ئەل قىلىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەيلا، 1946 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا كېتىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىي ھاياتىنى ئاياغلاشتۇردى. لېكىن ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭدىن كېتىشى بىلەن ئوسماننى ئەل قىلىش ھەرىكىتى ئاخىرلاشمىدى. 5 - ئايدىن كېيىن، ئوسماننىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ، گومىنداڭغا بېقىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار جامەئەتچىلىككە مەلۇم بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا بايان قىلىپ يۈرمەيمىز.

ئىزاھلار

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم 383 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان.

② بەي جېنشېڭ، لى جۇشىڭلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ھازىرقى زامان سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخى» 448 -

(ئاخىرى 80 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كىلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى

ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

## 1. خوجىلاردىن ئىلگىرىكى دىنىي ۋەزىيەت

نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە بۇ تەرىقەتنىڭ كېڭەيتكۈچىلىرى بولغان خوجا ئىشانلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەم «ئىشانچىلىق» نىڭ بۇ يەردىكى راۋاجى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئىلىپ بىرىشتىن بۇرۇن بۇ دىنىي كۈچ باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ دىنىي ۋەزىيىتى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كىلىدۇ. بۇ بىزنى خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1224 ـ يىلى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئىستىلا قىلغان زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى 2 ـ ئوغلى چاغاتايغا تەقسىم بولدى. بۇ كەڭ زېمىن ئۇنىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالدى. «چاغاتاي ئۇلۇسى» نىڭ زېمىن تېررىتورىيىسى ماۋەرا ئۇننەھردىن يەتتە سۇ، قەشقەرگىچە، ئامۇ-سىر دەريالىرىدىن ئالمىلىققىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ زېمىنلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى تارىختا «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالغاندى.

چاغاتاينىڭ ۋاپاتىدىن (1241 ـ يىلى) ئانچە كۆپ ئۆتمەيلا باشلانغان ئىچكى ماجىرالار، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن چاغاتاي خانلىقى تەدرىجي پارچىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خانلىق ئومۇمي جەھەتتىن شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشكە يۈز تۇتتى. شەرقىي قىسمى قەشقەر، تۇرپان تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئالمىلىقنى مەركەز قىلغانىدى. غەربىي قىسمى سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ماۋەرا ئۇننەھر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1346 ـ يىلى ماۋەرا ئۇننەھر رايونىدىكى بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى قازارخان لەشكەر تارتىپ قاززاننى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، خانىنىڭ نوپۇزى قالمىدى، خانلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقى ۋەزىرلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئۆز ئالدىغا خان تىكلەشتى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا ئاقسۇغا ماكانلاشقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ قەبىلە ئەسلىدە چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى نام ـ شۆھرىتى ئانچە چوڭ بولمىغان كىچىكرەك بىر قەبىلە ئىدى. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بۇ قەبىلىنىڭ نوپۇسىمۇ خېلى كۆپەيگەن، قەبىلە باشلىقى بۇلاجىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىمۇ زورايغانىدى. 1346 ـ يىلى خانلىقنىڭ غەربىدە يۈز بەرگەن پاتپاراقچىلىقتىن كېيىن، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خانلىق ئورنى بوش قالدى. خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بارلاس قەبىلىسى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ يۈرگەن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بۇلاجى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ سەرسانلىقتا يۈرۈۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈرنى تاپقۇزۇپ كىلىپ، ئۇنى ئېسەن بۇقا (1309 — 1320 ـ يىللىرى تەختكە ئولتۇرغان) نىڭ① ئوغلى دەپ جاكارلىدى ۋە 1348 ـ يىلى ئۇنى ئاقسۇدا تەختكە ئولتۇرغۇزدى②. بۇلاجىنىڭ بۇ ھەرىكىتى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىرى باش بولۇپ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا باش ئېگىشتى. بۇنىڭ بىلەن دوغلات قەبىلىسى غەربىي قىسمىدىكى قازارخان جەمەتىدىكىلەر بىلەن رەسمىي يوسۇندا پۈت تېپىشىدىغان، تىركىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلىرى تارىختا «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇلاجىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرنى يۆلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇشى چاغاتاي خانلىقىنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. 1348 ـ يىلى تۇغلۇق

تۆمۈرنىڭ ئاقسۇدا تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئالمىلىق (هازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى) نى مەركەز قىلىپ تاكى سۇلتان سەئىدخان 1514 - يىلى سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغانغا قەدەر 166 يىل هۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ خانلىق مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان،[3] ئىلىمىز ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بۇ خانلىقنىڭ نامى بىردەك «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا بولسا بارلاس قەبىلىسىدىن چىققان ئەمىر تۆمۈر (1336 - 1405) هۆكۈمرانلىق قىلىپ ئايرىم خانلىق تىكلىدى. بۇ خانلىق تارىختا «تىمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى» ياكى «تىمۇرىيىلەر سۇلالىسى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى.

بىزنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ھەققىدىكى بۇ تەپسىلاتلارنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، مانا شۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ (1348 — 1514) تۇنجى هۆكۈمرانى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان (1348 — 1363 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) موغۇل خانلىرى ئارىسىدا دەسلەپ بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ دىنىنىڭ خانلىق تەۋەلىكىدە كېڭىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شەخس ئىدى.

«تارىخىي رەشىدى» دە قەيد قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈر بىر قېتىم ئوۋغا چىققاندا ئاقسۇ دېگەن يەردە شەيخ جالالىدىن بۇخارى ئىسىملىك دىن تارقاتقۇچى تەقۋادار سوپى[4] بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. شەيخ جامالىدىن بۇخارى تۇغلۇق تۆمۈرگە ئىسلام دىنىنىڭ بەرھەق يول ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان - قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر شەيخ جالالىدىننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا «مەن خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە بولغاندا، مېنى ئىزدەپ كېلىڭ، مەن شۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋەدە بېرەي» دېگەن[5].

شەيخ جالالىدىن بۇخارى تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچرىشىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئوغلى ئەرشىدىنگە تاپشۇرىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان بولۇپ تەختكە چىققانلىقىنى ئۇققان ئەرشىدىن ئۇنى ئىزدەپ ئالمىلىققا بارىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ دادىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلىتىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىدىننى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. ھەتتا خىزمەت ئىسىملىك بىر داموللىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەتىسى قول ئاستىدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىردىن كىرىپ ئىمان ئېيتىشىنى بۇيرۇيدۇ. ۋاهالەنكى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىككى - ئۈچ يىل ئىلگىرىلا ئىسلامغا كىرىپ بولغان، پەقەت خاندىن قورقۇپ، بۇنى ئاشكارىلىماي، يوشۇرۇپ كەلگەنىدى[6].

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ جالالىدىن بۇخارى بىلەن كۆرۈشۈپلا ئۇنىڭغا خان بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ماقۇل بولۇپ ۋەدە بېرىشىدە دىنىي مايىللىقلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى مۇئەييەن سىياسىي مۇددىئامۇ بار ئىدى. چۈنكى بۇلاجى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۇغلۇق تۆمۈرنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان بولغاچقا، خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يەنىلا بۇلاجىنىڭ قولىدا ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر بولسا نامدىكى خان بولۇپ، ھەممە ئىشتا بۇلاجىنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزى ئىسلام دىنىغا كىرسە زور تەسىر كۈچكە ئىگە بولغان ئىسلام ئەھلىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغان ھەم مۇشۇ ئارقىلىق دوغلات قەبىلىسىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ، ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق خان بولالىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

چۈنكى، چىڭگىز ئىستىلاچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىت ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاساسەن دېگۈدەك ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىسلام مەدەنىيىتى تازا گۈللىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى يەنى ماۋەرا ئۇننەھردە پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئېتىقاد ئىدى. شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا بۇددىزىم ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئىسلام دىنى رەسمىي ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانىدى.

شۇڭا مەيلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ياكى غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ موغۇل خانلىرى ئۈچۈن بولسۇن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىرخىل تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى. لېكىن بىز يۇقىرىدا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىشىنىڭ تېگىدە مۇئەييەن سىياسىي مۇددىئانىڭمۇ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «موغۇل خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى ئېتىقاد، يۇمشاق كۆڭۈللۈكنىڭ نەتىجىسى ئىدى، دەپ بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ زامان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، سىياسىي تەڭسىزلىكتىن قۇتۇلۇش چارىسى ئىدى، خالاس»[7].

www.uyghurkitap.com

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئىسلامغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ئۇنچە كۆپ چەكلىيەلمىدى، چۈنكى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىسلامغا كىرىپ بولغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ دىني ئىمتىيازىنىڭ ئېشىشىمۇ بىر تەرەپتىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دوغلات قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەك ئەمىرلەرنىڭ قوللىشىدىن بولغانىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا ماۋەرا ئۇننەھرگە قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق يۈرۈشلىرى بىلەن ئۇنىڭ خانلىق ئورنى بارا - بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بۇلاجى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ قەبىلىنىڭ ئىمتىيازىغا چەك قويۇش ئۈچۈن قەبىلە باشلىقلىقىغا بۇلاجىنىڭ تېخى يېشىغا توشمىغان كىچىك ئوغلىنى تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ مەركىزىي ھوقۇقى ئۇنىڭ ئىلكىگە تولۇق ئۆتتى. ئۇ ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى تېخىمۇ قوللىدى. چۈنكى مەنىۋى جەھەتتىكى بىرلىك خانلىقنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشكە شارائىت ھازىرلايتتى.

شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈر ئەرشىدىن ۋەلىگە كاتتا ئېھتىرام ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، خانلىقنىڭ پۈتۈن دىني ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلى قەيەرنى ئىختىيار قىلسا شۇ يەردە تۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۇنىڭغا 60 مۇھاپىزەتچىنى ھەمراھ قىلىپ ئۇنى كۇچاغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتتى. كۇچادا بۇندىن ئىلگىرىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا كەلگەن سوپى - دەرۋىشلەردىن بىرسى كېلىپ خانىقا سالدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، كۇچادا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، قارشىلىققا ئۇچراپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن⑧.

ئەرشىدىن كۇچاغا بارغاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى بىلەن دىن تارقىتىشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرغان. ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان كۇچادا ئۇنىڭغا خانىقا سالدۇرۇپ بەرگەن. ئەرشىدىن كۇچادا مەخسۇس دىني ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، قازىخانىلارنى قۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا زور كۈچ چىقارغان. «كۇچالىقلار ئەرشىدىنگە بويسۇنۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى ھېسابلاشقان»⑨. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەر يىلى خانلىق تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزاننىڭ پىترىسى، مال - مۈلۈك، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ زاكىتىنى ئىككى بەگدىن ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرغان⑩.

جالالىدىن بۇخارى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلامغا كىرگۈزگەن تۆھپىسى ئۈچۈن يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىنغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئىمتىيازى تېخىمۇ ئېشىپ، ئەرشىدىن ۋەلى خانلىقنىڭ دىنىي ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي ئىمتىياز ئىگىسى بولۇپ قالدى. بەزى ماتېرىياللاردا قەيد قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا، ئوغۇللىرى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - ئەمەلدارلىرىغا ھەممە ئىشتا مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىشنى ھەم ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۈرۈشنى تاپىلىغان، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا خىزىر خوجىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىمۇ ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ «رۇخسىتى» دىن ئۆتكۈزۈلگەن⑪. تارىخچىلارنىڭ قويۇق دىني ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بۇ بايانلىرى گەرچە بىرئاز كۆپتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەلۇماتلار ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ خانلىقتا ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. مەشھۇر تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەرمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ نامىنى مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلامغا كىرگۈزگەنلىكىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «تارىخىي رەشىدى» دەپ ئاتىغانلىقىنى قەيد قىلىدۇ⑫. ئەرشىدىن ۋەلى كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ يەردە ئۆيلىنىپ ئىككى پەرزەنت كۆرگەن، چوڭىنىڭ ئىسمى ئەبۇ پاتىھە، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئەبۇ ناسىر ئىدى. ئەرشىدىن ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ دىني ئىمتىيازىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. ئاقسۇ، كۇچانىڭ دىني ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چوڭ ئوغلى ئەبۇ پاتىھقا، چالىش، تۇرپانلارنىڭ دىني ھوقۇقىنى كىچىك ئوغلى ئەبۇ ناسىرغا تاپشۇرغانىدى. ئەبۇ ناسىر خىزىر خوجا تۇرپان رايونىغا ئاتالمىش «غازات» نامى بىلەن جەڭ قوزغىغاندا شۇ جەڭگە قاتناشقان ۋە جەڭدە «شېھىت» بولغانىدى. بۇ ئەھۋال بىزگە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ خانلىقنىڭ دىني ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنى كونترول قىلىپلا قالماي، يەنە سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغىمۇ ئارىلىشىشقا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، كېيىنكى چاغلاردىمۇ بۇ جەمەتتىن بولغان ئەھمەد، فەخرىدىن، سەيدىدىنلەرمۇ ئۆز زامانلىرىدىكى خانلىقلارنىڭ دىني ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپلا قالماي يەنە سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغىمۇ ئارىلاشقانىدى.

دېمەك، ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئورنى، ئىمتىيازى كۆنسېرى ئېشىپ، ئەسلىدىكى دىني دائىرىدىن ھالقىپ، خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغىمۇ بىۋاسىتە قول

تىقىش، ئارىلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرمۇ بۇ جەمەتنىڭ ئىمتىيازىغا، ھوقۇق دائىرىسىگە چەك قويۇشقا ئامالسىز قالغانىدى.

ۋاھالەنكى، ماۋەرا ئۇننەھردە تەسىرى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشى، ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس ئورنىغا خەۋپ تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى رەقىبكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىۋاتاتتى. نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىرىشى ئۇۋەيسخان زامانىدىن باشلانغان. ئۇۋەيسخان خىزىر خوجىنىڭ (1389 - 1403 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نەۋرىسى بولۇپ، تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىدە سەرسان بولۇپ، ئەمىر تېمۇر ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستانغا كېتىپ قالغان. ئېھتىمال مۇشۇ سەرسان - سەرگەردانلىق ۋاقىتلىرىدا بولسا كېرەك، ئۇۋەيسخان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تەرغىباتچىلىرى بىلەن ئۇچراشقانىدى. ئۇ بۇ تەرىقەتنىڭ ماۋەرا ئۇننەھردىكى تەسىرى ۋە ئورنىنىڭ ناھايىتىمۇ يۇقىرىلىقى، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭمۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ-دە، قايسى تەرەپلەردىن بولمىسۇن ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنى نەقشىبەندىيەگە تەڭ قىلغىلى، ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

ئۇۋەيسخان كۆڭلىدە، مۇبادا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلدۈرسە، ماۋەرا ئۇننەھردىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس قىلىدىغان خانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقى، بۇ ئارقىلىق ياردەمگە ئىگە بولۇپ، خانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرەلىشى، شۇنداقلا ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئىمتىيازى ۋە تەسىرىگە چەك قويۇپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيسخان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولىدۇ. نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئۇۋەيسخانىنىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىرىشكە باشلىشى ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىكىلەر ئۈچۈن زەربە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى.

ئۇۋەيسخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خانلىق ئورنىنى تالىشىش ماجىرالىرى يەنە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. كۆپ ساندىكى ئەمىرلەر ئۇۋەيسخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئېسەن بۇقا (1432 - 1462 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نى خان قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيسخانىنىڭ چوڭ ئوغلى يۇنۇسخان (1468 - 1487 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۆزىنىڭ ئاز ساندىكى قوللىغۇچىلىرى بىلەن سەرسان بولۇپ پانالىق ئىزدەپ سەمەرقەنتكە مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ يېنىغا بارىدۇ.

يۇنۇسخان ماۋەرا ئۇننەھر، خۇراسانلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈش جەريانىدا، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىدە تەسىرى ناھايىتى زور بولغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولىدۇ. كېيىن تەختتە ئولتۇرغاندا بۇ تەرىقەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىزغىن قوللايدۇ. يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇدخان (1487 - 1508 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرى، نەقشىبەندىيە تەرىقىتى خوجا ئەھرارنىڭ قولىدا تازا «گۈللەنگەن»، تەسىر دائىرىسى مىسلىسىز كۈچەيگەن ۋاقىتلار ئىدى. يۇنۇسخان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلدۈرگەندىن كېيىن خوجا ئەھرارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىخلاس قىلغان. «تارىخىي رەشىدى» دە بۇ ھەقتە «ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئىشلارغا تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، ھەققە سېغىنىپ، نەسىردىن خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارنىڭ مۇرىتىغا ئايلانغان. يۇنۇسخان بۇ خوجىغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن شەيخلەر بىلەنمۇ سىرداش ئىدى. ئۇلار بىلەن دائىم ئۇلپەتلىشىپ تۇراتتى» دەيدۇ[13]. مەھمۇتخانمۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، خوجا ئەھرارغا قاتتىق ئىخلاس قىلغان، «تارىخىي رەشىدى» دە يېزىلغىنىدەك، «ئۇ زامانلاردىكى خانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەزرەتنىڭ (خوجا ئەھرار - ھ. ئا) مۇرىتلىرىدىن بىرەرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى بىلەن بۇ ھەزرەت ئوتتۇرىسىدا ئارىچى قىلاتتى. سۇلتان مەھمۇتخان داموللا قازىنى مۇشۇنداق ئارىدىكى ۋاسىتىچى قىلغانىدى[14].

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خوجائەھرارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ زور بولۇپ، خۇددى مىرزاھەيدەر ئېيتقاندەك «سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى داموللىنىڭ (خوجا ئەھرار) مۇرىتلىرىدىن بىرىنى مەنۋى يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلىش ئەينى زامانىنىڭ ئادىتى» [15] بولۇپ قالغانىدى. خوجا ئەھرار يەنە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك توقۇنۇش - ئىختىلاپلارنى ياراشتۇرغۇچى بولۇپ، خانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ھەتتا مىرزا ئابابەكرى يەركەنتتە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنمۇ، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن خوجا ئەھرارنىڭ نامىنى پەش قىلغانىدى، يەركەن خەلقى مىرزا ئابابەكرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇ، «مەن خوجا ئەھرارنىڭ ئەمرى بىلەن كەلدىم، شۇلارغا ئىرادەت قىلدىم» دېگەن. لېكىن يەركەن خەلقى ئۇنىڭغا «بۇ مەملىكەت خوجا ئەھرارنىڭ يۇرتى ئەمەس، خوجا مۇھەممەت فىزالىدىنىنىڭ (ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىن — ھ. ئا) يۇرتىدۇر. بىزنىڭ خوجىمىزغا دۈشمەن بولۇپ، پادىشاغا يېغا بولدىڭىز، بىز سىزنى

www.uyghurkitap.com

خالمايدۇرمىز، خوجا ئەھرار بىلەن ئىشىمىز يوق. بۇ مەملىكەت خوجاقىزالىدىن رەھمىتۇللا ئەلەيھىنىڭدۇر» دېگەن ⑯.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بىز يەنىلا ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئىمتىيازىنىڭ نەقشىبەندىيەنىڭ تەسىرىنىڭ ئېچكىرىلەپ كىرىشكە بولغان نارازىلىق، قارشىلىقىنى كۆرەلەيمىز، يۇنۇسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئۆز ئىچىدىن شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈشكە باشلىغانىدى. ئەرشىدىن جەمەتى خانلىقنىڭ شەرقىگە مەنسۇپ بولدى. ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى دىنىي رەھبىرى خوجا تاجىددىن مۇھەممەد ئىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ خوجا ئەھرارنىڭ نام ـ شۆھرىتى بىلەن شەرققە قاراپ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ دىنىي ئىمتىيازى بارغانسېرى ئاجىزلاشقا باشلىدى. خوجا تاجىددىن ئۆز دىنىي ئورنىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىدەك بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زامانغا بېقىپ ئىش قىلماسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇ خوجا ئەھرارنىڭ نوپۇزى بىلەن ئۆز جەمەتىنىڭ ئىمتىيازىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال خوجا ئەھرارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ، مۇرىتلىققا قول بېرىدۇ ھەم خېلى ئۇزۇن ۋاقىت خوجا ئەھرارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىدۇ، ⑰ بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز جەمەتىنىڭ ئەسلىدىكى نوپۇزىنى ساقلاپلا قالماي، تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. مەھمۇدخان، مەنسۇرخان دەۋرى خوجا تاجىددىننىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقىتلار بولۇپ «پۈتۈن خانلىقنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىنماي قالمايتتى» ⑱، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ئۇ خانلىق تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي فېئودال بولۇپ، ھەددى ـ ھېسابسىز يەر زېمىن ۋە مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئىدى. ئۇ دىنىي جەھەتتىكى تەسىرى بىلەن خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان بولۇپ، بىر قېتىملىق «غازات» تا «شېھىت» بولغان⑲.

دېمەك، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تەرغىباتچىلىرى سۈپىتىدىكى خوجا ـ ئىشانلار شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ دىنىي ۋەزىيىتىدە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە تەسىرى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولغاچقا، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر بۇ جەمەتنىڭ ئىمتىيازىنى تىزگىنلەش، چەكلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەمەتىدىنمۇ كۈچلۈكرەك يېڭى بىر دىنىي كۈچكە مۇھتاج بولۇۋاتقانىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ يېڭى دىنىي كۈچ — تەسىرى ناھايىتىمۇ زور بولغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئىدى، شۇڭا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي مۇددىئالىرى يولىدا بۇ تەرىقەتكە ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولۇشقان ھەم بۇ تەرىقەتنىڭ تەسىرىنىڭ خانلىق تەۋەلىكىدە كېڭىيىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ۋە ئۇنى قوللىغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى راۋاجى بولغان «ئىشانچىلىق» نىڭ شىنجاڭدا تېز كېڭىيىپ، قانات يېيىشى، يىلتىز تارتىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسنى ئاۋام خەلقنىڭ ئىدىيىسىدىكى دىنىي ھېسسىيات، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتلەردىكى قاششاقلىق قاتارلىق ئامىللاردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مانا شۇ «ئومۇمىي كەيپىيات» نىڭ تۈرتكىسى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپلا ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر خوجا ـ ئىشانلارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى قوللىغان ھالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. چۈنكى سەئىدخان مىرزائابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تەھدىتلەردىن بىرى يەنىلا ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى نوپۇزى ئىدى. بۇنىڭغا ھاكىمىيەتكە، زورلۇق كۈچكە تايىنىپ تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى. پەقەت ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرالىغىدەك يېڭى بىر دىنىي كۈچ ئارقىلىقلا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنى تىزگىنلەش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا سەئىدخانمۇ ئىلگىرىكى خانلارغا ئوخشاش، تەسىرى كۈنسېرى شەرققە قاراپ كېڭىيىۋاتقان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە مايىل بولۇشى ھەم ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۈرۈشى تەبىئىي ئىدى. «تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان زامانىدا، سەمەرقەنتتىن خوجا ئەھرارنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەرگە كەلگەن. سەئىدخان دەرھال ئۇنىڭغا «باش ئۇرۇپ» ئىخلاس بىلدۈرگەن، ھەتتا خانلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دەرۋىشلىك خىرقىسى كىيىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. لېكىن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئۈندىگەن⑳. سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخانمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ ھەقتە «تارىخى ھەمىدى» دە «بۇنىڭ دەۋرىدە ۋىلايەت تەرەپتىن خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار كەلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بۇ زاتقا ئىرادە ۋە ئىشەنچ باغلاپ، بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلدى» ㉑. بەزى ماتېرىياللاردا مۇھەممەت شېرىپ قاغىلىق بازىرىنى قۇرغان دېگەن گەپلەرمۇ بار㉒. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەت شېرىپنىڭ

نامى تېزلا تونۇلۇپ، قەشقەر، يەركەنتنىڭ بەگلىرى، ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۈرۈشكەن. ئابدۇرېشىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپخان ئۇچتۇرپاندا قىرغىزلار تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىتخان ئەھۋالنى پىرى مۇھەممەت شېرىپقا ئېيتىپ، قىرغىزلار ئۈستىگە ئاتلىنىشقا ئەۋلىيالارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئابدۇرېشىتخان بىلەن ئاتۇشقىچە بىللە كېلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا، ئەۋلىيالارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىگەن، شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، «مەزكۇر سۇلتان بۇزرۇكۋاردىن (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھىدىن — ھ. ئا) بىشارەت بولغاندىن كېيىن، پادىشا ئابدۇرېشىتخانغا لەشكەر باشلاپ دۈشمەنلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلدى» دېيىلگەن㉓. خوجا مۇھەممەت شېرىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا 7 يىل ئىستىقامەت قىلىپ، تەسەۋۋۇپ تەرغىباتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، 1555 — 1556 - يىللىرى ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئىسىملىك بىر سوپىنى ئۆزىنىڭ ئورۇن باسارى قىلىپ تەيىنلىگەن.

ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە سەئىدىيە خانلىقىدا «ئىشانچىلىق» خېلى تەسىرگە ئىگە بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە مەلىكە ئامانىساخاننىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى ياقلاش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى پائالىيەتلىرى مۇتەئەسسىپ ئىشانلارنىڭ قارشىلىقىغا، نارازىلىقىغا ھەتتا توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ تۇرغانىدى.

«ئىشانچىلىق» نىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن بۇلارغا ئەگىشىۋاتقان ئاۋام خەلق كۈنسېرى كۆپىيىپ، خانلىق ئۈچۈن چوڭ تەھدىت بولۇپ قالغانىدى، ھەتتا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئابدۇرېشىتخانمۇ ئۇلارنىڭ كۈچىنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغانىدى.

چۈنكى بۇنداق دىنىي كۈچلەرگە زورلۇق ۋاستە بىلەن قارشى تۇرۇشى ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇنى ياخشى چۈشەنگەن ئابدۇرېشىتخان ئېھتىياتچانلىق بىلەن دانا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئامانىساخان باشچىلىقىدا سەنئەتكارلارنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش يولىدىكى ئەمگەكلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئىلىم ئەھلىنى ئاخىرقى ھېساپتا «ئىشانچىلىق» نىڭ زەربىسىدىن ساقلاپ قالالمىدى، ئامانىساخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، خانىقا - مازارلارنى ماكان تۇتۇپ دەرۋىش سىياقىغا كىرىپ قالدى، ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. شۇ ھالىدىن ئەسلىگە كېلەلمەي 1560 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئابدۇكېرىمخانغا يوشۇرۇن خەۋەر قىلىپ، تېز كېلىپ تەختنى ئىگىلەشنى ئۇقتۇرىدۇ. مۇھەممەت ۋەلى سوپى خوجى مۇھەممەت شېرىپنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭ مۇرىتى ئىدى. ئابدۇكېرىمخاننىڭ سوپى سۇلتاندىن بالدۇر كېلىپ تەختنى ئىگىلىيەلىشىمۇ مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ تۆھپىسى ئىدى. شۇڭا ئابدۇكېرىمخان مۇھەممەت ۋەلى سوپىغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ قوللىغان، مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئابدۇكېرىمخانغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىغا كۈچىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ سىياسىغا قول تىقىشتىن ئىبارەت بۇ پائالىيىتى تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «يەرلىك شەكلى» بولغان «ئىشانچىلىق» نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. خوجا - ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە ماسلىشىشى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دىنىي ئىمتىيازىنى ئۆستۈرۈش ھەم تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلسا، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ خوجا - ئىشانلارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولۇشلىرىدا، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىپ، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەشتەك سىياسىي غەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

دېمەك، ئەسلىدە بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشنى، مال - دۇنيا، نام - ئابروي، ھوقۇق، مەرتىۋىلەرنى تەرك ئېتىپ، دىلىنى خۇداغا قارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەقىدە بولغان تەسەۋۋۇپ نام - ئابروي، ھوقۇق - مەرتىۋە ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغانىدى. بۇ تەرەپ «ئىشانچىلىق» نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى راۋاجى جەريانىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەنىدى.

## 2. خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش ۋە باش كۆتۈرۈش جەريانى

نەقشبەندىيە تەرىقىتى ئۇۋەيسخان دەۋرىدە كىرىشكە باشلىغان، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بەلگىلىك تەسىرگىمۇ ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن «ئىشانچىلىق» نىڭ شىنجاڭغا رەسمىي يوسۇندا كىرىشى ۋە كۈچىيىشى يەنىلا مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن باشلانغان.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەسلى ئىسمى خوجا ئەھمەد ئىبنى مەۋلانە جالالىدىن كاسانى بولۇپ، ھىجرىيە 866 - يىلى

www.uyghurkitap.com

(مىلادىيە 1460 ـ 1462 ـ يىللىرى) سەمەرقەند ئەتراپىدىكى كاسانغا قاراشلىق دەھبىد دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەن.

خوجا ئەھمەد كاسانى (مەخدۇم ئەزەم) تاشكەنتتە مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا خوجا ئەھرارغا ئىخلاس قىلىپ، ئۇزۇن يىللار ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خىزمىتىدە بولغان، خوجا ئەھرار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا «ئىشانچىلىق» نى تەرغىپ قىلىپ مۇرىت توپلىغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىشانچىلىق» نى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان جاھانكەزدىلىك سەپىرىدە سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە قەشقەرگىمۇ كەلگەن. ئابدۇرېشىتخان بىلەنمۇ كۆرۈشكەن. ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، كېيىن سەمەرقەندكە قايتىپ كېتىپ، (مىلادىيە 1542 ـ يىلى) ㉔ سەمەرقەنددە ئالەمدىن ئۆتكەن ھەم تۇغۇلغان يۇرتى دەھبىدكە دەپنە قىلىنغان. تەزكىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، مەخدۇم ئەزەم تۆت خوتۇن ئالغان، 13 ئوغلى بولغان. ئاياللىرىدىن بىرى قەشقەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن خوجا ئىسھاق ۋەلى دۇنياغا كەلگەن㉕. ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىرى ئەڭ زور ئىشان خوجا ئەھرارنىڭ ئېتىبارلىق مۇرىتى ۋە خەلىپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ دىنىي جەھەتتىكى نوپۇزى ۋە تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن ئىسھاق ۋەلى ئوتتۇرىسىدا دادىسىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى باشلىنىدۇ.

بەزى ماتېرىياللاردا مەخدۇم ئەزەم ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى چوڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان) غا تەيىن قىلغان. لېكىن مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئىمتىياز تالىشىش كۈرىشى باشلانغان دەپ كۆرسىتىلگەن㉖. مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان) تەرەپدارلىرى بۇ ئورۇننى مۇھەممەت ئىمىنگە (يەنى ئىشان كالانغا) قالغان دېگەننى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرىنىڭ بايانلىرىدا بولسا، بۇ ئورۇننىڭ خوجا ئىسھاق ۋەلىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ بايانلار ئارىسىدا ئېيتىلغان بىر قىسىم مەلۇماتلار يەنىلا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، بىزنى بەلگىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا خوجا ئىسھاق ۋەلى بۇخارادا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭغا پىرلىق ئورنىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى يازىدۇ㉗.

دەرۋەقە مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندە خوجائىسھاق بۇخارادا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، پىرلىق ھوقۇقى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئورۇن باسارى مەۋلانە لۇتپۇللاھ چۇستىغا قالغان. كېيىن ئۇ بۇ ئورۇننى خوجا ئىسھاققا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى خوجا ئىسھاق تەرەپدارلىرىنىڭ مۇرىتى بولغاچقا، يۇقىرىقىلارنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ ئورۇننىڭ مەخدۇم ئەزەمدىن زادى قايسىسىغا قالغانلىقىغا بولغان گۇمانىنىمۇ ئىپادىلەپ قويغان. ئۇ يۇقىرىقىلارنىڭ داۋامىغا ئۇلاپلا «ئەمما ھەزرىتى ئىشان كالان مۇرىتلىرى، مۇخلىسلىرى ئېيتۇرلەر: ‹نىسبەتى مەئنىۋى ھەزرەتى مەخدۇم ئەزەمدىن خاجە جۇيبارغە قالدى. ئاندىن ھەزرەتى ئىشان كالانغا قالدى، دەيدۇر. ھەقىقەتنى بىلگۈچى خۇدا» دەپ㉘ يازىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىكى بۇ كېيىنكى مەلۇماتلار مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يەنى كېيىنكى «ئاق تاغلىقلار» تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرىلەردىمۇ شۇنداق خاتىرىلەنگەن (م: «سىلسىلەتۇز زەھەب» ۋە «تەزكىرەئى پىرياران»).

«سىلسىلەتۇز زەھەب» دە مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىشان كالاننى تەكرار ـ تەكرار دادىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىسىمۇ، ئىشان كالاننىڭ رەت قىلغانلىقى، ئاخىرى جۇيبارنىڭ نەسىھىتى بىلەن دادىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشقا دەھبىدكە كەلگەنلىكى، بۇ ۋاقىتتا دەھبىدلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسھاق ۋەلىگە ئەگىشىپ بولغانلىقى، مۇھەممەت ئىمىننى خوجا ئىسھاقنىڭ زەھەر بېرىپ قەستلىگەنلىكى سۆزلەنگەن. دېمەك، خوجىلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئىككىسىگە ئەگەشكۈچىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بولغاچقا، ھەممىسى بۇ ئورۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشچىسىغا قالغانلىقىنى دەلىللەشكە تىرىشقانلىقى، يۇقىرىدىكى بايانلاردىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىنمۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا باشلانغان مەرتىۋە، ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مانا شۇ كۈرەشنىڭ كۈنسېرى ئۆلغىيىشى ۋە كۈچىيىشى بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئىككى چوڭ گورۇھقا بۆلۈنۈپ، ئىشان كالانغا ئەگەشكەنلەر «ئىشقىيە»، خوجا ئىسھاققا ئەگەشكەنلەر بولسا «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كېڭىيىشى ۋە بۇ زېمىننىڭ بۇ كۈرەشنىڭ «ئالدىنقى سېپى» گە ئايلىنىشى نەتىجىسىدە بۇ زېمىنلاردىكى خەلقمۇ ئىككى چوڭ گورۇھقا بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلاندى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلى ئوتتۇرىسىدا باشلانغان دىنىي ئىمتىيازغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىدە، دەسلەپتە ھېچقايسىسى ئۈستۈنلۈك قازىنالمىغان. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىسھاق ئاكىسى مۇھەممەت ئىمىننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى

كېڭەيتىپ كۆچ توپلاش ئۈچۈن نەقشبەندىيەنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان يەركەن خانلىقىغا - قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان.

خوجا ئىسھاقنىڭ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ئىدى. قەشقەردە سوپى سۇلتان، ئاقسۇدا مۇھەممەتخان خان ئىدى. سوپى سۇلتان خوجا ئىسھاقنىڭ كەلگەنلىكىگە ئانچە پەرۋا قىلماي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلغىلى كەتكەن. ئاقسۇدىن ئاكىسى سوپى سۇلتان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن مۇھەممەتخان خوجا ئىسھاقنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكەن ۋە قارشى ئالغانىدى. خوجا ئىسھاق بولسا «مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم مۇشۇ ئىسمىنىڭ تارتىشىدىن بولغان» دېگەنگە ئوخشاش ياغلىما سۆزلەر بىلەن مۇھەممەتخاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئۆزىگە رام قىلىشقا ئۇرۇنغان، چۈنكى مۇھەممەتخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى، ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇمۇ تەخت ۋارىسى، سەلتەنەت ئىگىسى ئىدى، بۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشەنگەن خوجا ئىسھاق ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى كۆرۈشۈشتىلا قۇۋلۇق بىلەن يۇقىرىقىدەك ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ، مۇھەممەتخاننى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھىمايىچىگە ئىگە بولۇش غەرىزىنى ئاشكارىلىمىغانىدى.

دەرۋەقە، مۇھەممەتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا خوجا ئىسھاققا دەسلەپ بولۇپ ئىخلاس قىلغان ۋە ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭ ھامىيسى بولغان كىشى ئىدى.

خوجا ئىسھاق قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغانلار كۆپىيىپ تېز تونۇلىدۇ. بۇ ھەقتە «تەۋارىخ» تا، «موللا قاسىم خەلىپە ئەلەيھىررەھمەمۇ بارلىق تەۋەلىكى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئۇ زاتقا ئېتىقاد قىلىپ مۇرىت بولدى. موللا ئىبنى يۇسۇپ خەلىپىمۇ خوتەندىن مۇرىت، مۇخلىس ۋە ئېتىقادلىق كىشىلىرى بىلەن كېلىپ ھەزرىتى ئەزىزلەر بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. . . قەشقەرلىكلەرمۇ بۇ ئۇلۇغلارنى بىر كۆرۈپلا بويسۇنۇشتى» دەپ يېزىلغان㉙. خوجا ئىسھاق قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ مۇرىت توپلىغاندىن كېيىن قەشقەردىن يەركەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. شاھ مەھمۇت جۇراس بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «ئەزىزلەر قەشقەردىن يەركەنگە كېلىشتى، يەركەندىكى ئۇلۇغلارمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىشتى. ئۇلار ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمخانمۇ ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ سۆھبىتىگە كەلدى. ئۇلار خىلۋەت ئۆيدە ئىدى. خاننىڭ كەلگەنلىكى ھەزرىتى ئەزىزلەرگە يەتكۈزۈلدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر خاننىڭ ئالدىغا چىقىشنى لازىم تاپتى. لېكىن خەلىپىلەر (ئابدۇكېرىمخان سەھرالىق موغۇل، سەل كېچىكىپرەك بارغان ياخشىمىكىن» دېيىشىپ توسۇشتى. شۇ سەۋەبتىن كېچىكىشتى. ئابدۇكېرىمخان بىلەن خوجا ئۇبەيدۇللالار مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ مۇرىتى ئىدى. شۇ سەۋەپلىك خاننىڭ خاتىرىسىگە ئېغىر كەلگەنىدى. خوجا ئەبەيدۇللا كۆرەلمەسلىكتىن: ‹بىز ھازىر ئوردىغا قايتىپ كېتەيلى! › دېدى. خانمۇ بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ دەرھال ئوردىغا قايتىشتى. شۇ سەۋەپتىن خان بىلەن ھەزرىتى ئەزىزلەر ئارىسىدا بىر ئاز سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇپ قالدى»㉚.

ئېھتىمال مۇشۇ سوغۇقچىلىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك خوجا ئىسھاق يەركەندە ئانچە كۆپ تۇرالماي خوتەن تەرەپكە «سەپەر» قىلغان. شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تەۋارىخ» تا يېزىلىشىچە، «ھەزرىتى ئەزىزلەر خوتەن مەملىكىتىگە كەلگەندە، قۇرەيش سۇلتان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قارشى ئېلىشقا چىقتى»㉛.

دېمەك، خوجا ئىسھاق خوتەنگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى قۇرەيش سۇلتان ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ ھىممەت كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلار بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ، مۇرىت توپلاشقان. شاھ مەھمۇت جۇراس بۇ ھەقتە، «ئۈچ يىل چىرا دېگەن يەردە تەرىقەتتەيول تاپالمىغان كىشىلەرنى تەرىقەتكە باشلاش بىلەن شۇغۇللاندى» دەپ يازىدۇ㉜.

خوجا ئىسھاق خوتەندە 3 يىل «ئىشانچىلىق» تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇرىت كۆپەيتىپ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇن تىكلىگەن. كېيىنچە قۇرەيش سۇلتان بىلەن سوغۇقلىشىپ قالغان. بۇ ھەقتە «تەۋارىخ» تا تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ: «قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئايالى ۋاپات بولدى، ‹ئايالىمنى تىرىلدۈرۈپ بەرسۇن! › دەپ ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ئادەم چىقاردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئاچچىقلىنىپ: ‹بۇنداق گەپ بولسا، بالدۇرراق ئېيتمامدىغان! ئەمدى پايدىسى يوق› دېدى. ئەلچى چىڭ تۇرۇۋالدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر قۇرەيش سۇلتاندىن رەنجىپ ئاقسۇ تەرەپكە راۋان بولۇشتى. ئۇلار يولغا چىقىپ، ‹ئەي قۇرەيش، ئەمدى سېنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھلىققا ئېرىشەلمىگەي› دېدى㉝.

قۇرەيش سۇلتان خوجا ئىسھاقنىڭ «ئەۋلىيا» لىقىغا بەك ئىشىنىپ چوقۇنغاچقا، ئۇنى «ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ» دەپ ئىشىنىپ، «ئايالىمنى تىرىلدۈرۈپ بەرسۇن» دېگەن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بۇ خوجا ئىسھاقنىڭ «كارامەت» كۆرسىتىپ ئاۋام خەلقنى ئالداپ ئۆزىگە رام قىلىپ كەلگەنلىكىدەك «ئەۋلىيا» لىقىغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە ۋە

www.uyghurkitap.com

بۇ «ئەۋلىيا» لىق ئۈستىدىن قىلىنغان قاتتىق مەسخىرە ئىدى. «ئىشانچىلىق» تەرغىباتى ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا، خوجا ـ ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەتتا ئۆلۈكىنى تىرىلدۈرۈش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى (ئاپپاق خوجا شۇنداق دېگەن) ئېيتىپ[34]، نادان خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ «كارامەت» لىرىگە ئىشەندۈرۈپ، ئالداپ ئۆزلىرىگە قاراتقان، ھەتتا مۇھەممەت سادىق قەشقەرىدەك ئوقۇمۇشلۇق ئەدىبمۇ «ئىشانچىلىق» قا بولغان ئىخلاسى، خوجا ئىسھاققا بولغان ئەقىدىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا، خوجا ئىسھاقنىڭ «ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكى» ھەققىدىكى بىمەنە گەپلەرنىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ نەقىل قىلغانىدى»[35].

خوجا ئىسھاق قۇرەيش سۇلتاندىن رەنجىپ ئاقسۇغا يولغا چىققان، ئۇلار ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەتخاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن، شۇڭا مۇھەممەتخانغا «سىنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھ بولغاي» دەپ «دۇئا» بەرگەن. لېكىن ئاقسۇ ئاھالىسى قەشقەر، خوتەنلەردەك ئۇنچە قىزغىن ئىخلاس بىلدۈرمىگەن. «تەۋارىخ» تا بۇ ھەقتە «ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى غەنىيمەت بىلىپ چىن دىلىدىن بويسۇنۇپ مۇرىت بولۇشتى. بىر بۆلۈك قاراقورساقلار بويسۇنمىدى» دەپ يېزىلغان[36].

شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىسھاق ئاقسۇدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بۇنداق بىپەرۋا قارىغانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى تەشۋىق قىلدۇرىدۇ: «ھەزرىتى ئەزىزلەر قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا جۇراستىن سورىدى؛ ‹ئەي قۇتلۇق مۇھەممەت، ئادەملەر نېمىشقا بىكار يۈرۈيدۇ؟›، قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا ئۆرە تۇرۇپ ئېيتتى: ‹مەن بېرىپ ئادەملەرگە ئۇچۇق ئېيتاي›، قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا بېرىپ ئاقسۇلۇققا ئېيتتى: ‹ئەي يارانلار، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ بۇ تەۋەلىككە كەلگەنلىكى بۇ دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئاخىرەتنىڭ نىجاتلىق، بۇ ئەزىزلەرنىڭ بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ھېسابلىنىدۇ»[37]. مانا بۇ خوجا ئىسھاقنىڭ ئاقسۇدا بازىرى چىقمىغاندىن كېيىن مۇرىتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى بازارغا سېلىشى ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىتىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئاقسۇلۇقنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى ئالدىراپ سۆز باشلاپ: ۋىلايەتتىن كىملا كەلسە مەن خوجا، مەن ئەزىز دەيدىكەن...» دېدى[38]. ئاۋام خەلق ئارىسىدىن ئېيتىلغان بۇ سۆزدە ئاقسۇ تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ خوجىلارغا بولغان بىزارلىقى، نارازىلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئاقسۇ، كۇچاردىكى ئاۋام خەلق ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىكىلەرگە ئىخلاس قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، يۇرتلىرىغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈلىشىپ دېگۈدەك كېلىۋاتقان بۇ خوجىلارنىڭ ئۆزلىرىنى «مەن ئەزىز، مەن خوجا، مەن سەييىد» دەپ «ئېسىل نەسەب» لىرىنى پەش قىلىپ، خەلقنى ئۆزىگە قول بېرىشكە ئۈندەشلىرىدىن بىزار بولغانىدى. ئۆزلىرىنىڭ نەسەبى ۋە نام شەرىپىگە ھاقارەت ھېساپلىنىدىغان بۇ سۆزگە خوجا ئىسھاقنىڭ مۇرىتلىرى دەرھال زەربە بېرىپ ئۆز ئىمتىيازىنى «قوغدىشى» تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇنى شاھ مۇھەممەت جۇراس تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ: «گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇشتۇر خەلىپە ئەلەيھىررەھمە ھەزرىتى ئەزىزلەر بىلەن ئاقسۇلۇق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا چۆگىلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن قولىغا بىر ھاسىنى ئالدى-دە، ھېلىقى ئىنكار قىلغۇچى ئادەمنى ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋەتتى. ئاقسۇلۇق ئادەملەر ئۇشتۇر خەلىپە ئەلەيھىررەھمەدىن بۇ كارامەتنى كۆرۈش بىلەن قايتىدىن ئېتىقاد باغلاپ، ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ئىخلاس قىلىشتى ۋە قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا جۇراس باشچىلىقىدا قول بېرىشتى»[39]. بۇ ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز تەگكەن تاياق زەربىسىدىن يىقىلىشىنى ئەتراپتىكىلەر بۇ ئالدامچى خوجىلارنىڭ «كارامەت» كۆرسەتكىنى دەپ ئۇلارغا ئىخلاس قىلغان. خوجا ئىسھاقنىڭ سادىق مۇرىتى ۋە مۇخلىسى بولمىش ئاتاقلىق تارىخشۇناس شاھ مەھمۇت جۇراسمۇ ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇشىغا قارىماي، ئۇشتۇرخەلىپە (ئۇشتۇر خەلىپە ـ خوجا ئىسھاقنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئابرويلۇق مۇرىتى ۋە خەلىپىسى يەنى ئورۇن باسارى ئىدى) نىڭ يوقىرىدىكى ئىشىنى ئۇنىڭ «كارامەت» ى دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ بايان قىلغانىدى. خوجا ئىسھاق دەسلەۋدە ئاقسۇدا ئانچە قارشى ئېلىنمىغاچقا، ئاقسۇدىن يۆتكىلىپ كۇچاغا يولغا چىقىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتكارى ئۇشتۇر خەلىپىنى تۇرپانغا ئەۋەتىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەۋلانە ئەرشىدىن ئاساسەن كۇچادا تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. شۇڭا كۇچادا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى خېلى مۇستەھكەملىنىپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىن تاجىدىن خوجا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلدۈرۈپ، خوجا ئەھرارغا مۇرىت بولغان بولغاچقا، كۇچالىقلارنىڭ خوجا ئەھرارنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان خوجا ئىسھاققا ئىخلاس بىلدۈرۈشى بىر ئاز تېز بولغانىدى.

لېكىن تۇرپانلىقلار خوجا ئىسھاقنىڭ ۋاكالەتچىسى ئۇشتۇر خەلىپىنى قارشى ئالمىدى ھەم «ئىشانچىلىق» قا ئىخلاس بىلدۈرۈشنى رەت قىلدى. «ئۇشتۇرخەلىپە تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ تۇرپانلىقلار بىلەن ئۇچراشتى. تۇرپانلىقلار بويسۇنمىدى، ئۇلار ھەزرىتى ئالىپ ئاتاغا ئېتىقاد قىلاتتى»[40].

تۇرپاندا بۇددا دىنىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، تۇرپان

ئاھالىسى ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ تەشۋىق - تەرغىبات، ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى، شۇڭا ئۇ تۇرپاندا نەتىجىگە ئېرىشەلمەي «ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ خىزمىتىگە قايتتى»㊶.

خوجا ئىسھاقنىڭ سەمەرقەنددىن قەشقەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسى ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىدى. ئۇنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىگە كەلگەندىن كېيىن قەشقەر، يەركەنت، خوتەن، ئاقسۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇرىت كۆپەيتىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىگە كېلىپلا خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئابدۇكېرىمخان بىلەن سوغۇقلىشىپ قالغان، شۇڭا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردىكى پائالىيەتلەر جەريانىدا خانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆلىنى تەۋرىتىشتەك سىياسىي سۇيقەست بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ قۇرەيش سۇلتاننى قاغاپ: «سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن خان چىقمىغاي»، مۇھەممەتخاننى خۇش قىلىپ، «سېنىڭ ئەۋلادىڭ خان بولغاي» دېگەنگە ئوخشاش «ئەۋلىيالىق» دۇئالىرىدىمۇ بۇ غەرىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىمخان خوجا ئىسھاقنىڭ دىنىي نىقاپ ئاستىدا قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ تېگىدە روشەن سىياسىي غەرەز بارلىقىنى، خانلىقنىڭ ئۆلىنى لىڭشىتىپ، پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدە «ئىشانچىلىق» نى تەرغىپ قىلىش ۋە مۇرىت توپلىشىنى دەرھال چەكلەپ، ئۇنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىشىگە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ پەرمانىغا خوجا ئىسھاقنىڭ سادىق مۇرىتى بولغان مۇھەممەتخانمۇ ئارا تۇرالمايتتى. شۇڭا خوجا ئىسھاق قىرغىزلارنىڭ ئارىسىدا بىر مەھەل ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىلاجىسىز يەركەن خانلىقىدىن سەمەرقەندكە كېتىدۇ.

ئەمما بۇ ۋاقىتتا، خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى تەسىرى زورىيىپ، ئاساسى مۇستەھكەملىنىپ، خانلىقنىڭ دىنىي ھاياتىدا ئاساسەن ئۈستۈنلۈك قازىنىپ بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇ يەركەن خانلىقىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، يەركەن خانلىقىدىكى شەھەرلەردە ئۆزىنىڭ خەلىپىلىرىنى (ئورۇن باسارلىرى) تەيىنلەپ، ھەممە ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېتىدۇ㊷. شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تالىپلارنىڭ دوستى» (ئەنىسۇت تالىبىن) ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدا 64 خەلىپىسى بولغان㊸.

بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدا خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولۇۋالغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدىن قوغلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خەلىپىسى ئۇشتۇرنى قەشقەرگە خەلىپە قىلىپ تەيىنلىشى ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرىنى مۇستەھكەملىشىگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى سوپى سۇلتان ئۆلۈپ كېتىپ، «ئۇنىڭ ئورنىدا قەشقەر، يېڭىسارغا مۇھەممەتخان ۋالىي بولغان» ئىدى㊹. مۇھەممەتخان بولسا خوجا ئىسھاقنىڭ سادىق مۇرىتى بولۇپ، ئۇنى ھىمايە قىلاتتى، شۇڭا خوجا ئىسھاق كېتىش ئالدىدا مۇھەممەتخاننى ئۆزىنىڭ يەركەن خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بارلىق خەلىپىلىرىنى باشقۇرىدىغان باش خەلىپە يەنى «خەلىپە تۇل خۇلەپا» (خەلىپىلەرنىڭ خەلىپىسى) قىلىپ تەيىنلىگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئۇشتۇرنى ئۇنىڭ يېنىغا قويغانىدى. 1591 - 1592 - يىللىرى ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى مۇھەممەتخان تەختتە ئولتۇرىدۇ. مۇھەممەتخاننىڭ تەختكە چىققانلىقى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خوجا ئىسھاقنىڭمۇ غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

مۇھەممەتخان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشى بىلەنلا ئۇشتۇر خەلىپە يەكەنگە يۆرۈش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەكەندىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلىپ، زورلۇق بىلەن خەلقنى ئۆزلىرىگە مۇرىت بولۇشقا قىستاپ، يەكەندىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلغان. «ئۇشتۇر خەلىپە يوغان ئېشەككە مىنىپ ۋىلايەتتىن كەلگەنىدى. ئۇ دائىم ئېشەككە مىنىپ، يوغان ھاسىسىنى تۇتقىنىچە بىر توپ ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. قولىدىكى ھاسا بىلەن كىمنى ئۇرسا ئۇ ئادەم دەرھال ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ، خوجام! دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ ئىخلاسلىق مۇرىتلاردىن بولۇپ قالاتتى»㊺.

مۇھەممەتخان ئۇلارنىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكى بولغاچقا، ئۇلار يەكەننىڭ كوچىلىرىدا يوقىرىدىكى نەقىلدە ئېيتىلغاندەك، ئېشەككە مىنىپ چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كوچىمۇ كوچا ئارىلاپ مۇرىت توپلاشقانىدى.

مۇھەممەتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، خوجا ئىسھاق ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلى مۇھەممەت يەھيا (شادى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان) نى مۇھەممەتخاننىڭ «تەربىيەت» قىلىشىغا ئەۋەتىدۇ. «. . . مۇھەممەتخان تا قۇش گۇمبەز دېگەن يەرگىچە ئالدىغا چىقىپ ئۇ ئەزىزنى ئىززەت - ئېكرام بىلەن قاراقۇم يېزىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇھەممەتخان ئاتتىن چۈشۈپ، ھەزرىتى ئەزىزلەر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوينىغا سېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ 3 كۈن چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ كاتتا زىياپەت بەردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۈچۈن

خاس بىر ئورۇننى جابدۇغانىدى، ھەزرىتى ئەزىزلەر شۇ جايغا چۈشتى»[46].

دېمەك، خوجا ئىسھاق ئىشان كالان بىلەن بولغان كۆرەشتە ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن پىلانلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. ئۆزى قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەنلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، 12 يىل «ئىشانچىلىق» نى تەرغىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە خېلى مۇستەھكەم ئاساس ھازىرلىغان، ئابدۇكېرىمخان تەرىپىدىن قوغلانغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاندىن كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا تەيىنلىگەن چوڭ خەلىپىسى مۇھەممەتخاننىڭ تەختكە چىقىشى، ئۇنىڭ پىلانلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلىغان. شۇڭا ئۇ ئۆمرى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلىنى مۇھەممەتخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. «تەۋارىخ» تا يېزىلىشىچە، «ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئەزىزان خوجام يەتتە يېرىم ياشتا ئىدى»[47]. خوجا ئىسھاق ئۆز مەقسەتلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى بولغان ئوغلىنى كىچىك بولۇشىغا قارىماي بۇ زېمىنغا ئەۋەتىپ مۇھەممەتخانغا «تەربىيەت» قىلىشقا تاپشۇرغانىدى.

شاھ مەھمۇت جوراسمۇ خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يەھيانىڭ (شادى خوجا) مۇھەممەتخاننىڭ قولىدا چوڭ بولغانلىقىنى قەيد قىلىپ، «سىرتقى تەربىيىلىنىشى ھەزرىتى مۇھەممەتخاننىڭ قولىدا بولغانىدى» دەپ يازىدۇ[48].

خوجا ئىسھاق 1599 ـ يىلى سەمەرقەندتە ئالەمدىن ئۆتۈپ دادىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئوغلى شادى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۇشتۇر خەلىپىگە قالدۇرۇپ كېتىدۇ. شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ ئېيتىشىچە، مۇھەممەتخان ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىنى (يەنى خوجا ئىسھاقنىڭ خەلىپىسى) ئۇشتۇر خەلىپىگە بېرىپ، ئۇشتۇر خەلىپىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تىكلەپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن[49].

مۇھەممەتخان ۋاپات بولغاندا، خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا شادى 24 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھەر تەرەپتىن يېتىلىپ، «ئىشانچىلىق» نى ئەۋج ئالدۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانىدى. خوجا شادى مۇھەممەتخاننىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى بولغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەتخاننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغىنى ئۈچۈن خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكىلەر ئارىسىدىمۇ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

قىسقىسى، بۇ ۋاقىتتا خوجا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەكەن خانلىقى تەۋەلىكىدە خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى. شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «بۇ تەۋەلىكلەر ئارا ئەزىزلەر خوجام دەپ داڭ قازانغان» ئىدى[50]. بۇ خوجامالار خانلىقنىڭ دىنىي ھاياتىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپلا قالماستىن، يەنە «ئىشانچىلىق» ئەنئەنىسى بويىچە تەدرىجىي ھالدا خانلىقنىڭ سىياسىي ھاياتىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشقا باشلىغانىدى.

مۇھەممەتخان ۋاپات بولغاندا «شۇجا ئۇددىن ئەھمەتخان قەشقەردە ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزلەردىن خوجا لېتىپ، مىرزا غىياس، مىرزا ئابدۇللا قاتارلىق كاتىباشلار شۇجا ئۇددىن ئەھمەتخانغا كىشى ئەۋەتتى، ئەھمەتخان تەكلىپكە بىنائەن كېلىپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى»[51].

ئەھمەتخاننىڭ تەختكە چىقىشى يەكەن خانلىقىنىڭ باشقا كىچىك خانلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى، چۈنكى ئەھمەتخاننىڭ تاغىسى يەنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ 12 ـ ئوغلى، تۇرپاننىڭ خانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئابدۇرېھىمخان تېخى ھايات بولۇپ، قائىدە بويىچە ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. نەۋرىلەر تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، قائىدە بويىچە ئابدۇكېرىمخاننىڭ خوتەندىكى ئوغلى شاھ ھەيدەر مۇھەممەت ياشتا ئەھمەتخاندىن چوڭ بولۇپ، تەختكە ئۇ ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك بولاتتى. شۇڭا ئەھمەتخاننىڭ تەختكە چىقىشىنى باشقا خانلار ئانچە قوللىماي ئۇنىڭدىن نارازى بولۇشىدۇ، مۇھەممەتخاننىڭ قىزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھاشىم سۇلتانمۇ ئەھمەتخاندىن رەنجىپ كۇچاغا كېتىدۇ. ئىلگىرى مۇھەممەتخاننى قوللاپ ھەم ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ كەلگەن خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلاش، كېڭەيتىش ئۈچۈن يۆلەنچۈك قىلىش مەقسىتىدە مۇھەممەتخاننىڭ ئوغلى ئەھمەتخاننى قوللاپ تەختكە چىقارغانىدى. ئەھمەتخانمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئەجرىگە لايىق جاۋاپ قايتۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋە، مال ـ دۇنيا بىلەن تارتۇقلىغانىدى. شۇڭا بۇ ۋاقىتلاردا خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا يەھيانىڭ ئىمتىيازى كۈنسېرى ئۆسۈپ مۇرىتلىرىنىڭ سانىمۇ نەچچە ئونمىڭغا يەتكەنىدى. ئۇنىڭغا خان تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنىۋاتقان يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ دۇنيالارمۇ بارغانسېرى ئېشىپ، خوجا يەھيا دىنىي فېئودالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. خوجىلارنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان مۇرىتلىرى سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچ بولۇپ، خانلىق ئۈچۈن چوڭ تەھدىت بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشى، پارچىلىنىش قەدىمى تېخىمۇ تېز بولۇۋاتاتتى.

ئەھمەتخان 10 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ (1610 ـ 1619) شاھ ئوبۇل مەئانى قوزغىغان سىياسىي توپىلاڭدا ئۆلتۈرۈلدى. ئارىدىكى قىسقا مۇددەتلىك سىياسىي داۋالغۇشلاردىن كېيىن «ھەزرىتى ئەزىزلەر، ئۇلۇغلار ۋە ئەمەلدارلار كونا قائىدە بويىچە ئابدۇلېتىپخاننى خانلىققا تەيىنلەشتى» [52]. ئابدۇلېتىپخان ئەھمەتخاننىڭ ئوغلى ئىدى.

ئابدۇلېتىپخان (ئاپاق خان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىشىدا رول ئوينىغان بەگ ـ ئەمىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، «مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگنى ئاتالىق قىلىپ، خوجا لېتىپ بەگنى بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ۋەزىر قىلدى. مىرزا غازى بارلاس قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا ئېلان قىلىندى» [53].

خانلىقنىڭ ئاتالىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «ئەمەلدارلار ئىچىدە چەكسىز ئەركىن ھوقۇقدار بولۇپ قالدى» [54]. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئەركىن ھوقۇقدار بولۇپ كېتىشى خوجا يەھيا (شادى خوجا) نىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە مەلۇم توسقۇنلۇق پەيدا قىلىشى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا ئىسھاقنىڭ خەلىپىسى بولغان ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ پۈتۈن دىنىي ھوقۇقنى ئۆزى كونترول قىلىۋېلىشى خوجا شادىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋاتاتتى.

خوجا شادى بۇلارغا بولغان نارازىلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلىمەي، ئاتىسىنىڭ مازىرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن سەمەرقەندكە بارماقچى بولۇپ، ئابدۇلېتىپخاندىن «رۇخسەت سورىدى» [55]. خوجا يەھيا سەمەرقەنتكە بېرىپ ئاتىسى خوجا ئىسھاقنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ ھەم ئۇشتۇر خەلىپە، مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شاھ مەھمۇت جوراس بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «ھەزرىتى ئەزىزان خەلىپىلىرىنى مازار سىرتىدا قويۇپ، ئىسمائىل سوپىنىڭ ھەمراھلىقىدا مازارنى تاۋاپ قىلىشقا كىردى. قەبرىلەردىن بىشارەت بولدى. ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ئىسمائىل سوپىلار بىشارەتتىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن مازاردىن قايتىپ چىقىشتى. خەلىپىلەر ئىچىدە قەشقەرلىك ھاپىز نەسىر خەلىپىمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزانغا كەشىپ بىلەن مەلۇم بولغان ئىش، نەسىر خەلىپىگىمۇ ئوخشاش مەلۇم بولاتتى. نەسىر خەلىپە خەلىپىلىرىگە: «ھەزرىتى ئەزىزان ئۇشتۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەرنى ئۆردى، دەپ ئوچۇق ئېيتتى، لېكىن ئۇنىڭغا زىيان يەتمىدى. بىراق ئىسمائىل سوپى كىشىلەرگە ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى» [56].

دېمەك، خوجا يەھيا ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى ۋە ئەڭ ئالىي دىنىي ئىمتىيازنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولماسلىقىدىن پەيدا بولغان قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ھەم بۇ مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاتىسىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئاتىسىنىڭ روھىدىن «مەدەت» تىلىگەن. بۇ «مەدەت» تىلەش ئەمەلىيەتتە، خەلقى ئالەمگە ئۆزىنىڭ «كارامەت كۆرسىتىدىغان ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان سۈيىقەستلىرىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق سۈيىقەستلەرنىڭ جەريانىدىن بىخەۋەر مۇرىتلار، بۇنى ئۆز خوجىلىرىنىڭ «كارامىتى» دەپ ئىشىنەتتى.

دەرۋەقە، «ئىشانچىلىق» تا ھىجابۇل غەيىپ («غايىپ پەردىلىكلەر»، «نامەلۇم قەستچىلەر») دەپ ئاتالغان يوشۇرۇن قەست قىلىش گۇرۇھىمۇ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەۋلىيا، خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ زىتىغا تەگكەن، ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقان كىشىلەرنى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ ئالدىدا قاغاپ بەددۇئا قىلىشقان. شۇ كۈنى ياكى ئەتىسى تۈن يېرىمىدا ئۆزلىرىنىڭ «ھىجابۇل غەيىپ» دەپ نام بەرگەن سادىق قانخور مۇرىتلىرىنى بۇيرۇپ قارغىش تەگكەن كىشىنى ئۆجۈقتۇرۇۋېتىشكەن» [57]. ئەۋلىيا ـ خوجىلارنىڭ قارغىشى تەگكەن كىشىلەرنىڭ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن شۇ قارغىشنىڭ «كۈچى» بىلەن ئۆلۈپ قالغانلىق خەۋىرى مۇرىتلار ئارىسىغا تارقالغان، بۇنىڭ بىلەن مۇرىتلارنىڭ خوجىلارنىڭ «ئەۋلىيالىقى» غا بولغان ئەقىدىسى تېخىمۇ ئاشقان.

خوجا يەھيا ئاتىسىنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە قەشقەرگە قايتقان. «ھەزرىتى ئەزىزان قەشقەر تەرەپكە قايتىپ، شارت داۋىنىدىن ئۆتكەندە ئۇشتۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى» [58].

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇلېتىپخان ئالدىغا چىقىپ ناھايىتىمۇ قىزغىن قارشى ئالغان. ئابدۇلېتىپخان دۆلەتنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى بىلەن قارشى ئېلىپ ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە مېھمانلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى [59]. شۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي دىنىي ھوقۇقى خوجا يەھيانىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە دىنىي ھوقۇقنىڭ قولغا ئۆتۈشىلا ئەمەس، يەنە سىياسىي جەھەتتىكى نوپۇزىنىڭمۇ كۆتۈرۈلۈشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا يەھيا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى يەكەن خانلىقىنىڭ دىنىي ساھەسىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى قولغا

(ئاخىرى 52 ـ بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «خوتەن تېكستلىرى» توغرىسىدا

— ھىندى ـ ساك تەتقىقاتى

خ. ۋ. بايلېي

«خوتەن تېكستلىرى» ئەنگلىيە ئاپال پادىشاھ ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي ئەزاسى ۋە كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى سانسكرىت تىلى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور خ. ۋ. بايلېي تەرىپىدىن توپلىنىپ، رەتلەنگەن 5 توملۇق ئەسەر، ئۇنىڭدىكى تېكستلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى خوتەننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە شۇ جايدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھۆججەتلەردىن ئىبارەت.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ بۇ رايونغا بولغان تەتقىقاتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار دەسلەپتە، بۇددىستلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باكترىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھازىرقى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، مارالبېشى، كۇچا ۋە كرورانلارغىچە كېڭەيگەن ھىندىستان مەدەنىيىتىنى بايقىدى. توپلانغان بۇ ھۆججەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەدىمكى خوتەندە يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىن مىلادىيە III ئەسىرگىچە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساكلار ياكى ھىندى سكتايلىرى تىلىنىڭ بىر دىئالېكتىدا يېزىلغانىدى.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ 1 ـ تومى 1946 ـ يىلى، 2 ـ تومى 1954 ـ يىلى، 3 ـ تومى 1956 ـ يىلى، 4 ـ تومى 1961 ـ يىلى، 5 ـ تومى 1978 ـ يىلى نەشردىن چىققان. پروفېسسور بايلېي يەنە 1978 ـ يىلى «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى» نى نەشردىن چىقاردى. بۇ ئۇنىڭ 1934 ـ يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. «خوتەن تېكستلىرى» نىڭ 4 ـ تومى پروفېسسور ھېدىن يىغقان ھۆججەتلەردىن رەتلەنگەن بولۇپ، بۇ توم باشقا توملاردىكى بۇددا تېكستلىرىدىن پەرقلىق بولغان، مىلادىيە VII ئەسىرگە تەئەللۇق ئەدەبىي پارچىلار، سودا ـ سېتىق ھۆججەتلىرى ۋە ھەربىي پەرمانلاردىن تەركىب تاپقان. پروفېسسور بايلېي بۇ تېكستلەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە ترانسكرىپسىيىلىرىگە بولغان قىسقىچە باھالىرىنى قوشۇپ بۇ تومنى تۈزۈپ چىققان.

بايلېي ئەپەندى «خوتەن تېكستلىرى» نىڭ 4 ـ تومىدا قەدىمكى خوتەننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن، تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى دىققىتىڭىزلارغا سۇنىمىز.

## گائۇستانا: ساكلارنىڭ خوتەندىكى خانلىقى

1. ھازىر خوتەن دەپ ئاتالغان رايوندىكى بۇ خانلىق تارىختا ھەرخىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن. مىلادىيە III ئەسىر ئەتراپىدا يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان قارۇشتىچە ھۆججەتلەردە khotana دەپ يېزىلغان. سەل كېيىنكى دەۋردە يېزىلغان براخمىچە ھۆججەتلەردە Hvatāna دەپ يېزىلغان. تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ Hvamna ۋە Hvam دەپمۇ ئېلىنغان. ئەڭ كېيىنكى يەرلىك تېكىستلەردە بولسا Hvaṃkṣira (خوتەن زېمىنى) دېيىلگەن. بۇ نام «t» تاۋۇشى ئۆزگەرمىگەن ۋە دەسلەپكى يېڭى پارسچىدا كۆپ ئۇچرىغان چاغلاردىلا غەربكە تونۇلغان. يەرلىك كىشىلەر بۇددىزم سانسكرىت تىلىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا، ھەرخىل سۆپەتلەر بىلەن ئۇنى Gaustana دەپمۇ يازغان. IX ئەسىردە جۇڭگونىڭ شاجۇدىكى سەلتەنىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە Yuttina دەپ يازغان. VII — VIII

ئەسىرلەردە تىبەتلەر بۇ زېمىننى Li، ئۇنىڭ پايتەختىنى Hu—then ، Hu—den ، Hu—ten ۋە yvu—then دەپ ئاتىغان.

2 . X Ⅳ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماركوپولو بۇ خانلىق توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. يەرلىك تېكىستلەردىن بىز بۇ رايوننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن kapaysa (كاپايسا — پاختا)، Kumba (كۇمبا — زىغىر)، kamba (كامبا — كەندىر)، ganam (گانام — بۇغداي)، gura (گۇرا — ئۈزۈم)، Mau (ماۋ — ئۈزۈم ھارىقى) ۋە باشقىلارنى ئۇچرىتىمىز.

3 . خوتەن توغرىسىدىكى مەنبەلەر يازما ھۆججەت ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن ئىبارەت. بۇ مەركىزىي رايوننىڭ ئاسىيا تارىخىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئەھمىيىتى گېرمانىيە، روسىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان، فرانسىيە، جۇڭگو، ياپونىيە ۋە شىۋېتسارىيىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئەۋەتىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن 1936 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە ئائىت زور مىقداردىكى يەرلىك ماتېرىياللار يىغىلدى. بۇ ماتېرىياللار بېيجىڭ، فورت ئارتۇر، دېھلى، پارىژ، بېرلىن، لېنىنگراد، ستوكھولم ۋە لوندون قاتارلىق شەھەرلەردە ساقلانماقتا.

خوتەنگە ئائىت مەنبەلەر تىبەت، خەنزۇ ۋە ھىندىچە بۇددا كىتابلىرىدا ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى كروران (kroraina) دىن چىققان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر، مازارتاغ ۋە نىيىدىن چىققان تىبەتچە تېكىستلەردۇر. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى خوتەن بۇددىزمىغا ئائىت تىبەتچە تارىخىي خاتىرىلەر تېخىمۇ مۇھىمدۇر. بۇ تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يىرتىلىپ كەتكەن. بىراق، تىبەتچە تېكىستتە ئىشلىتىلگەن بەزى يەرلىك سۆزلەر ئەسلى نۇسخىنىڭ ئېھتىمال خوتەنلىكلەرنىڭ تىلىدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خوتەن، قەشقەر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىغا ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەر ھەرقايسى «سۇلالىلەر تارىخى» ۋە دۇنخۇاڭدىكى ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ساقلانغان. يېڭىدىن تېپىلغان بۇ خەنزۇچە تېكىستلەرنىڭ بىرىدە surya garbha—sutra ۋە Candragarbha—sutra ناملىق بۇددا تېكىستلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان خوتەننىڭ ئىلاھىي ھامىيسى توغرىسىدىكى بۇددا ئەدىبىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

4 . خوتەننىڭ تاشقى مۇناسىۋەت تارىخى كىشىنى قايمۇقتۇرىدۇ. بەزى ھۆججەتلەردە قوشنا خانلىقلار بىلەن جۈملىدىن قەشقەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلار خاتىرىگە ئېلىنغان. بىراق، خوتەنگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرلەمچى ئامىل سىرتتىن كېلىدىغان ئۈچ خەۋپ يەنى كۆچمەن چارۋىچىلار (مەسىلەن: ھۇن، تۈرك، سۇپىيا ‹supiya› ۋە خېيناخوجا ‹Heina—khoca›)، جۇڭگونىڭ كۈچلۈك قوشۇنى ۋە تىبەت بولغان. بىر بۇددا تېكىستىدىكى خوتەنچە شېئىردا خېيناخوجا، ھۇن، خەنزۇلار ۋە سۇپىيالار-نىڭ خوتەن زېمىنىنى ۋەيران قىلغانلىقىغا بولغان قاتتىق ئېچىنىش ئىپادىلەنگەن.

ئىچكىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن مەلۇم بولىدۇ. قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەن خانلىقىدا 3300 ئائىلە يەنى 19 مىڭ 300 نوپۇس بارلىقى، ئۇلاردىن 2400 كىشى لەشكەر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. خوتەن بىر مەزگىل قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغاندىن كېيىن، مىلادىيە I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قايتا مۇستەقىل بولغان. شۇندىن كېيىن تاكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانغا قەدەر قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تىركىشىپ ئۆزىنى ساقلاپ كەلگەن.

شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار V ئەسىردە خوتەنگە تاجاۋۇز قىلغان. خوتەننىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە خوتەننىڭ تۈركلەر (Druggu) تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىق ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. ئېفتالىت (Heftal) لار 502 - يىلدىن 550 - يىلغىچە خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى خوتەننى 4

www.uyghurkitap.com

ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ بىرگە ئايلاندۇردى.
شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ تارىم رايونىدىكى تەسىرى
باشلاندى. 659 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ
ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. 714 - يىلدىن باشلاپ
كۆچىيىشكە باشلىغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەت
ئارىسىدىكى توقۇنۇش 790 - يىلى خوتەندىكى تاڭ
قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ئاياغلاشتى.
ئۇلارنىڭ ئورنىنى تىبەتلەر ئىگىلىدى. تىبەتلەر
خەنزۇلارنى خوتەندىن 140 يىلغا يېقىن ئايرىۋەتتى.
860 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر تۈركلىرى تىبەتلەرگە
زەربە بېرىشكە باشلىدى. 938 - يىلى خوتەن خانى
لى شېڭتيەن جۇڭگوغا يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى.
966 - يىلى ئۇنىڭ ئوغلى خانلىق تەختىگە چىقتى.
971 - يىلى خوتەن بىلەن قەشقەر ئارىسىدىكى
ئاخىرقى ئۇرۇش باشلاندى. 1009 - يىلى خوتەننىڭ
مۇسۇلمان ھۆكۈمرانى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى
ئەۋەتتى. بۇددا دىنىدىكى خوتەن خانلىقىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

5. خوتەن تىلىدا 7 خىل ئوخشاشمىغان
ئېلېمېنتنىڭ ئىزىنى بايقاش مۇمكىن. ئەڭ مۇھىم
ئېلېمېنت ئىران تىلى بولۇپ، خوتەندە بۇ تىلنىڭ
ساك گۇرۇپپىسى قوللىنىلغانلىقى پاكىت. بۇ تىلغا
شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەر خوتەنچە (Hvatana—a)
دەپ نام بەرگەن. غەيرىي ئىران تىلىدىكى
ئېلېمېنتلارنىڭ يەنە بىرى تېخى ئىرانچە ئىكەنلىكى
بېكىتىلمىگەن كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىدا
كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: Phana (پانا)، Khaukula
(خاۋكۇلا)، Buttaka (بۇتتاكا)، Vimgula
(ۋىمگۇلا) دېگەن ناملار. سىرتتىن كىرگەن
ئېلېمېنتلارنىڭ بىر قىسمى گىرېكچە، كۆپىنچىسى
ھىندىچە بولۇپ، ماۋزۇلاردا بىر قىسىم خەنزۇچە
سۆزلەر ۋە كىشى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ. بۇ خىل
غەيرىي ئېلېمېنتلار تىبەتچە ناملار ھەم كۆپلىگەن
تۈركچە سۆزلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ärsäli
(ئەرسەلى)، ttamguysi (تامگۇيسى) دېگەندەك
ئىسىملار بەزى چاغلاردا تۈرك بولمىغان كىشىلەرگىمۇ
ئىشلىتىلگەن.

دۆلەت بېشى يۇقىرى ئىمتىيازلىق پادىشاھ
بولۇپ، 661 - نومۇرلۇق قارۇشتىچە ھۆججەتتە
Maharaya ، rayatiraya (ئۇلۇغ پادىشاھ، شاھىنشاھ) دېگەن ھىندىچە ئاتالغۇ، ئۇندىن كېيىن Azes
(ئازېس) ۋە indravarma (ئىندراۋارما) نىڭ ئوغلى
Aspavarma (ئاسپاۋارما) نىڭ تەڭگىلىرىدە گېنېرال
مەنىسىدىكى Hinajha (ھىنايھا) سۆزى ئۇچرايدۇ.
ھۆججەتلەردە يەنە dheva (دېۋا-ئىلاھ) دېگەن سۆز
ئۇچرايدۇ. دېۋا سۆزى خوتەنچە ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدا
jasta (جاستا) شەكلىدە ئېلىنغان.

خوتەن خانى ۋىسادارما (visa Dharma)
شائۇ-شەۋكەتلىك ئىلاھ، خوتەننىڭ شاھىنشاھى
دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلەنگەن. تىبەت خانلىرى
ئۆچۈن ئېيتقاندا خوتەن خانى «خوتەننىڭ خۇداسى»
ئىدى. شاھنىڭ خانىشى rrina (رىنا) دەپ، شاھزادە
ۋە مەلىكىلەر rraspura (راسپۇرا) ۋە rraysdutar
(رايسدۇتار) دەپ ئاتالغان. ۋىسادارمانىڭ يىلنامى
شۇنا (Kşuna) بولۇپ، بىز ئىككى خىل ئەھۋالدىكى
شۇنا 36 - يىلى دېگەن ئىككى يىلنامىنى
ئۇچرىتىمىز.

خوتەن خانلىرىنىڭ فامىلىسى ۋىسا (Visa)
بولۇپ، ئۇ Vi نىڭ سۈپەت شەكلى. بۇ نام ھەرخىل
يەرلىك ھۆججەتلەردە Visa ، Vasa ، Vijita ، Vijatta
دېگەن شەكىللەردە، قارۇشتىچە يازمىلاردا Vijida ،
تىبەتچە مەنبەلەردە Bi—dza—ya ، Biza ، Bzah ،
Byiza ، خەنزۇچىدا 尉达 دېگەن شەكىللەردە
ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىندىچە ئىككى سۆز
Vijaya ۋە Vijita (غەلىبە) غا بېرىپ تۇتىشىدۇ.

خوتەن تىلىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ تىبەتچە
تەرجىمىسىدە خان ۋە خانىشلارنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن
شاھانە سۈپەتلىرى ئۇچرايدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردىن بىز يەنە قۇدا - باجىلىق
مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى ئەھۋاللارنى بىلىشىمىز
مۇمكىن. Bi—dza—ya Dza—ya نىڭ بىر ئايالى
جۇڭگولۇق مەلىكە Puñeśvar بولغان. ئۇنىڭ چوڭ
ئوغلى پادىشاھ Ḥdon—ḥdros جۇڭگولۇق مەلىكە
Sorgra نى ئەمرىگە ئالغان. Bi—dzayaNanda نىڭ
يالغۇز قىزى نام خانىغا ياتلىق بولغان. Bi—dza—ya
Sangrama نىڭ قىرىندىشىنىڭ ئايالى تۈرك ئايال

بولغان. بىجايا بالانىڭ ئايالى Su — boka يەكەنگە يېقىن بولغان Bçu — gun — pan (قاغىلىق) شاھىنىڭ قىزى ئىدى. Bi — dza — yaSimha نىڭ ئايالى قەشقەرلىك كەنچەكلەردىن ئىدى.

خوتەن شاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى ماھاسامماتا ۋە ئاسوكالاردىن ئىزدەيدۇ.

7. ھۆججەتلەردىن ھەرخىل كىشى ئىسىملىرى نامايان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ datta بىلەن ئاياغلاشقانلىرى ھىندىچە ئىسىملار، باشقىلىرى يەرلىك ۋە ئىرانچە بولمىغان ئىسىملاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: شاندا، سىرپۇكى، ماداسا، Hvrrividt ۋەھاكازالار.

خوتەن تارىخىي ھۆججەتلىرىدە يەرلىك ئەپسانە-رىۋايەتلەر بىلەن بىللە نۇرغۇن مۇقەددەس يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. ئەينى دەۋر تېكىستلىرىدە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەشھۇر ناملار كۆزگە چېلىقىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە بىجايا ساڭراما تەرىپىدىن سېلىنغان گۇزانتا ئىبادەتخانىسى قەيت قىلىنغان. گۇسامدا ناملىق تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان سامانىيانا ئىبادەتخانىسىدا يېزىلغان Jataka — stava ناملىق شېئىرنىڭ شۇ يەردە خوتەنچىگە تەرجىمە قىلىنغانلىقى تىبەت ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردىن مەلۇم بولىدۇ.

گىرىكلارمۇ خوتەندە ئاز-تولا ئىز قالدۇرغان. بىز بەزى ئۆلچەم بىرلىكلىرىدە گىرىكچە ئامىللارنى بايقايمىز. دورىلارنىڭ گىرىكچە مىقدار سۆزى 6rarŋp (قاداق) دەسلەپكى قارۇشتىچە تېكىستلەردە Satera، Sadera، تىبەتچىدە sran، خوتەن تېكىستلىرىدە دەسلەپ satira، كېيىن sera شەكلىدە ئۇچرايدۇ. پارسچىدا sater، ister دەپ يېزىلغان. گىرىكچە دراخۇن قارۇشتىچە دراخما ۋە trakhma، خوتەندە drammaa ۋە drammaja شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

رىمچە دىنار (denarius) خوتەنگە بۇددا تېكىستلىرى ئارقىلىق dinara شەكلىدە يېتىپ كەلگەن ھەم سانسكرىتچە hiranya (تەڭگە ئالتۇن) دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلىشتا ئىشلىتىلگەن. ئاگىنىدا بىز «تىنار» شەكلىنى بايقايمىز. ھىندىلار سانسكرىتچە dinara دەپ يازغان. خوتەنلىكلەرنىڭ يەرلىك كالېندارى بولغان ئايلارنىڭ ناملىرى ھازىرغا قەدەر مۇستەقىل ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن. ئەڭ دەسلەپ قارۇشتىچە ھۆججەتلەردە، كېيىن تۇركلەردە 12 ھايۋان نامىنى ئايلانما بىرلىك قىلغان يىل ھېسابلاش ھادىسىسىنى بايقايمىز.

خوتەندە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. ھالبۇكى بىز خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتەشپەرەسلىككە (祆) ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا چوقۇنغانلىقىنى كۆرىمىز، قەشقەرلىكلەر ئاتەشپەرەسلىككە چوقۇنغان. جۇڭگولۇقلار Hien سۆزى ئارقىلىق قەدىمكى پېرسىيىدىكى زوروئاستىرلارنىڭ ئاخۇرامازداغا بولغان چوقۇنۇشىنى ئىپادىلىگەن. 677 - يىلى ساسانىلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ مۇساپىر ئوغلى پېروز جۇڭگونىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغان. خوتەندىن تېپىلغان تېكىستلەر خوتەنچە ياكى تىبەتچە بولسۇن بۇددا دىنىغا ئائىتتۇر. بۇرۇنقى ئىرانلىقلارنىڭ ئېتىقادىغا ئائىت ئاز-تولا ئامىللار بۇ بۇددا كىتابلىرىغا سىڭىپ كىرگەن. يەرلىك ھۆججەتلەردە مانى دىنى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات تېپىلمايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەننىڭ 961 - يىلى جۇڭگو ئوردىسىغا مانى دىنى ئۇستازلىرىنى ئەۋەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. گەردىزىنىڭ تەخمىنەن 1050 - يىلىغا ئائىت ئەسىرىدە دېيىلىشىچە، خوتەننىڭ ئۆزىدە ئىككى خىرىستىئان چېركاۋى بولغان. خوتەن تېكىستلىرىنىڭ بىرىدە Kirästāna نامى ئۇچرايدۇ.

ئىرانچە ئاخۇرامازدا دېگەن نام يەككە ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بولۇشتىن قېلىپ، تەدرىجىي ھالدا urmaysde شەكلىدە «قۇياش» مەنىسىدە قوللىنىلىشقا باشلىغان. ئۇ «سەڭلەخ» تىنكى پامىر دىئالېكتىدا ئورموزد، «ئىشكەشىم» دە رىمۇز شەكلىدە ساقلانغان.

«چوقۇنماق» سۆزى gyays، gyaysna، gyasta تۇمشۇقتا jezda دەپ قوللىنىلغان بولۇپ، «ئاۋېستا» دا «ياز» ۋە كونا پارسچىدا «ياد» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

«ئالۋاستى» دىيۇۋا (dyuva) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ كونا پارسچىدا دەيۋا، «ئاۋېستا» دا daeva دېيىلگەن. بۇ كونا ئىبارە يېڭى بۇددىستىك ئەدىبىيلەرنى ئىپادىلەشتە قىسمەن قوللىنىلغان. بۇددا دىنىدىكى تەقدىر ئىلاھەسى شىرى (Şri) خوتەندە Ssandramata (ساندراماتا) دېيىلگەن.

خوتەنگە دائىر تارىخىي خاتىرىلەر ۋە شۇ دەۋرگە ئائىت يەرلىك ھۆججەتلەر پۈتۈلگەن چاغدا خوتەندە بۇددىزم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. بۇددىستلار خوتەندە مول ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. «ستاۋاجاتاكا» غا يېزىلغان كىرىش سۆزدىن بىز خوتەندىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ سانسكرىتچە قوللىنالايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، بۇددىست Vedyasla بۇددانىڭ قۇدرىتىگە ئائىت «Jatakastava» ناملىق بىر شېئىر يازغان. خوتەننىڭ ئۇلۇغ شاھى VisaSura بۇ شېئىرنى خوتەنچىگە تەرجىمە قىلىشنى بۇيرۇغان. خوتەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى پراكرىتتىن مەشھۇر ئەسەر «دارماپادا» غا ئائىت بىر قارۇشتىچە ھۆججەت پارچىسى تېپىلدى. مارالبېشى تۇمشۇقتا قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان بىر Karma — vacana تېكستى ساقلىنىپ قالغان. كۇچا، ئاگنىلاردىمۇ بۇ تېكىستنىڭ ھىندىچە ۋە يەرلىك تىللاردىكى ئالاھىدە ئىزاھلار قوشۇمچە قىلىنغان نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىغا ئېرىشتۇق.

خوتەن تىلىدىكى بۇددىزمغا ئائىت تولۇق ۋە تولۇقسىز ئەدەبىي تەرجىمىلەر ناھايىتى مول. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، بىراق دىنىي تېرمىنلار خوتەنچىدە ئەركىن قىسىملار سۈپىتىدە سانسكرىتچىدىن ئەمەس، غەربىي شىمالىي پراكرىتتىن ئېلىنغان. كىرورانىدىمۇ شۇنداق يېزىلغان.

خوتەن ھەققىدىكى تارىخىي مەنبەلەردىن بىز خوتەندە Mahasanghika مەزھىپىدە 16 ۋىخار بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇلار پراكرىتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز غەربىي شىمالىي ھىندىستان پراكرىت يازما ھۆججەتلىرىدىن مەزكۇر مەزھەپنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقايمىز. خۇددى شۇنىڭدەك كابۇلنىڭ 30 مىل غەربىدىكى ۋارداكتىن چىققان لوڭقا ۋە Mathura تۈۋرۈكىنىڭ شىر شەكىللىك بېشىدا ئۇنىڭ نامى ئۇچرايدۇ. Sarvastivada مەزھىپى خوتەنگە كېيىنرەك كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇددا سانسكرىتچىسىنى قوللانغانلىقى مەلۇم.

ئوخشاش تارىخىي مەنبەلەردىن بىز خوتەندە سەھنە ئويۇنلىرىنىڭ ئوينالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ دراملار no—le دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ خوتەنچە nalai نىڭ تىبەتچە ئېيتىلىشى ئىدى. بۇ سۆز پراكرىتتا «ناداگا»، كونا ھىندىچە «ناتاكا» دېگەن شەكىللەردە قوللىنىلغان. سانسكرىتچە ۋە قەدىمكى پراكرىتچە بۇددا دراملىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە ئەڭ دەسلەپكى ھىندىستان دراملىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىن تېپىلدى. بۇ دراما پارچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خوتەنچە ئەمەس. ئاگنىدىن تېپىلغان تولۇقسىز تېكىستلەر بېسىلىپ چىقتى. باشقا تېخى ئېلان قىلىنمىغان تېكىستلەر كۇچادىن تېپىلغان.

خوتەن بۇددىستلىرى مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقىتتا تەرجىمە بىلەن ھەپىلەشكەن بولۇپ، ئىجادىي ئەسەرلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئاجراتقانلىقى مەلۇم، بىز مۇشۇ ناھايىتى يېتەرسىز ماتېرىياللىرىمىز ئىچىدە يەنە بەزى چوڭ كىتابلارنىڭ پەقەت بىرنەچچە بېتى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، دىندىن خالىي يەرلىك ئەدەبىياتنىڭ ئاز - تولا ئىزلىرىنى بايقايمىز. تۆۋەندىكىسى باھار كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن شېئىر (ئەسلى ترانسكرىپسىسىيە قىسقارتىلدى).

تەرجىمىسى: باھار كەلدى. جاھان ئىسسىدى، دەل - دەرەخلەر رەڭگارەڭ چېچەكلەرگە تولدى. يۈگىمەچلەر ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۇلار مەيىن شامالدا يەلپۈنمەكتە. ئورمانلىقتىن كەلگەن شامال شۇنچە ئىللىق، نىلۇپەر كۆللىرى، بۇلاقلار، كۆلچەكلەر، تۈپىلىكلەر گۈللەپ ياشنىدى. قۇشلار ئەڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. سۇ فونتانلار ئەتراپىدىكى يېشىل قىرغاقلارغا تېشىپ چىقىشقا

باشلىدى. كۆنلەر ئۆتۈلۈشقا باشلىدى، جان - جانىۋارلار ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى.

شاندانىڭ قىزى — شاجۇدا تۆرغۆچى بۈيۈك مەلىكە ئۆز شېئىرىدا خوتەندىكى دادىسى ۋە تۇغقانلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك بەزى لىرىك شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: تەرجىمىسى:

سۆيگۈنى نامايىش قىلىدىغان چاغدا گۈللەر ئۆسىدۇ. مەن بۇ كۆركەم ھەم خۇشپۇراق ئەتىرگۈلگە مۇھتاجمەن. ئەگەر بۇ ئەتىرگۈل قوللىرىمدا سولسا مەندە يەنە سېنى ئەسلىتىپ تۆرغۆچى ئەتىرگۈل قالمايدۇ.

خوتەن — بۇددىزىم تەتقىقاتىنىڭ بىر مەركىزى ئىدى. جۇڭگولۇق بۇددىست ۋە ماركىز Tsü — Ku—King—sang V ئەسىردە ديانانى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش مەقسىتىدە خوتەنگە كەلگەن. بىراق خوتەنلىك كىشىلەرنىڭمۇ جۇڭگوغا بولغان تېخىمۇ زور قىزىقىش ئىچىدە پائالىيەت قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. دېۋاپراينا (Devaprajna)، گىتامىترا (Gitamitra)، شىكشاناندا (Siksananda)، موكشالا (Moksala) ۋە سىلادارمالار Siladharma خوتەنلىك بولۇپ، ئۇلار بۇددا تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ۋىسائىراسانگا (VisaIrasanga)، VII ئەسىردىكى خوتەنلىك داڭلىق بۇددىزىم رەسسامى. ئۇنىڭ رەسىملىرىدىن مائىترى بۇدداساتۇا ئاۋالوك سۇرا ۋە باشقىلار جۇڭگو ئىمپېرىيە مۇزېيىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ بىر پارچە رەسىمى Devaraja نىڭ رەسىمى بۇگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇ نامدار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، جۇڭگودا بەگ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

بۇددىزىم ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلار ئىچىدە دانىشمەن بىلەن نادان توغرىسىدىكى چۆچەكلەر توپلىمى بار. بۇ چۆچەكلەر V ئەسىردە خەنزۇچە خاتىرىگە ئېلىنغان. سەككىز جۇڭگولۇق بۇددىست راھىب بىر بۇددا يىغىلىشى ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ خوتەننى زىيارەت قىلغان. دىندار زاتلار بۇ يىغىلىشتا سۇترالارنى يادلىغان. ھەرقايسىسى ئۆز قابىلىيىتى بويىچە ئۆزىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى كىتاب ۋەنايانى شەرھىيلىگەن. جۇڭگولۇق زىيارەتچىلەر ئۇنى ئاڭلىغان ۋە جۇڭگوغا قايتىش يولىدا تۇرپاندا توختاپ خوتەندە ئاڭلىغانلىرى بويىچە «ئاۋاداناس» ناملىق بىر كىتابنى تۈزگەن.

خوتەندە بىز ساكلارنىڭ نۇرغۇنلىغان قەبىلە - ئۇرۇقلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تىلى ھىندىستاندىكى ساكلارنىڭ تىلى ۋە كۇسەنچىگە يېقىن مۇناسىۋەتلىك تىل ئىكەنلىكى مەلۇم. خوتەندە ۋە ھىندىستاندىكى ساكلاردا hara (سوۋغا) سۆزىنى بايقايمىز. بۇ سۆز ئارقىلىق بىز تۇمشۇقتىن تېپىلغان پارچىلاردىكى ئۇلارغا زىچ مۇناسىۋەتلىك تىلنى سېلىشتۇرالايمىز. ئۇنىڭدا ‹بەرمەك› سۆزى ror بولۇپ خوتەن ۋە ھىندىستاندىكى ساكلاردا ha بولۇپ قالغان. خوتەن ۋە تۇمشۇقتىكى بۇ ئىككى ساك دىئالېكتى ئارىسىدىكى باشقا پەرقلەر ئۇلارنىڭ يۇكسەك ئورتاقلىقى بىلەن بىللە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردە ساكلار قەشقەردىن غەرب تەرەپكە قاراپ تارالغان دېيىلگەن. بىز شۇنى جەزىملەشتۇرىمىزكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن بۇرۇن بىر ساك قەبىلىسى خوتەنگە، يەنە بىرى تۇمشۇققا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىغا ئايلانغان.

يۇقىرىقىلار پروفېسسور بايلېينىڭ خوتەن ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئۇ «خوتەن تېكىستلىرى» نىڭ V تومىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بۇ تېكىستلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ ئىران تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولالايدۇ. يوقالغان كونا پارسچە سۆزلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قايتا تېپىلغان كونا ئىرانچە سۆزلەر «ئاۋېستا» ۋە «رىگاۋېدا» تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان قورالدۇر. ئىككىنچىدىن، بۇددىزىم تەتقىقاتچىلىرى ھىندىستان سىرتىدىكى ھىندى مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئاجايىپ كەڭ

(ئاخىرى 68 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئۆلۈكى جارلانغان ۋاڭ

**مامۇت غازى**

(ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

ئەپىردۇن — تۇرپاندا 170 يىل دەۋر سۈرگەن لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ 7 - ئەۋلادى. ئۇ قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان مۇھەممەت سېيىت (قەشقەر خەلقى ئىسكەندەر ۋاڭ دەپ ئاتايدۇ) نىڭ ئايالى شەھرىبانۇدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى.

مۇھەممەت سېيىت قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ ماڭغاندا، لۈكچۈندە پەرىدۇن ۋاڭلىق ئورنىدا ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پەرىدۇن كېسەل بىلەن ياش ئۆلۈپ كەتتى. مۇھەممەت سېيىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋاڭلىقنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، 7 ياشقا توشمىغان ئوغلى ئەپىردۇننى ئىشەنچلىك ئادەملەرگە قوشۇپ لۈكچۈنگە ئەۋەتكەن. ئۇنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئوردا خىزمەتچىلىرى قىزغىن كۈتۈۋالغان، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، 1827 - يىلى ئەتىيازدا زۇلۇمغا چىدىمىغان قەشقەر خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلىپ، زالىم ئەمەلدارلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ، كۆرگەن يېرىدە كالتەكلەپ، چوماقداپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. مۇشۇ قاتاردا مۇھەممەت سېيىت ۋاڭمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قېشىدا ئوردا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تۇرۇۋاتقان زوھۇرىدىننى خان ئېرىقلىق ئات باققۇچى بوۋاي ئەسكى چاپاننى كىيدۈرۈپ، ئىزدەپ كەلگەنلەرگە: «ئۆزەم قېرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئات بېقىشنى ئۆگىنەي دەپ بۇ بالىنى 10 كۈن ئىلگىرى يېزىدىن ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم بالا، جېنىغا رەھىم قىلىشقايلا» دەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ، ئەنجانغا بارىدىغان ئىشلەمچىلەرگە قوشۇپ قاچۇرۇۋەتكەن.

ئەسلىدىكى لۈكچۈندىكى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىلى، قەشقەرلەردە مەنسەپ تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان ئەۋلادلىرى ئۆلسە، تۇرپانغا ئېلىپ كېلىنىپ، قاراغوجىدىكى ۋاڭلار قەبرىستانلىقى (ئالتۇنلۇق) غا دەپنە قىلىناتتى. كېيىنكى چاغدا ئىلى خەلقى نارازىلىق بىلدۈرگەچكە، بۇ ئادەت ئۆزگەرتىلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەممەت سېيىتمۇ تۇرپانغا ئۆلۈك ئېلىپ بارماسلىق ئۈچۈن ھىجرىيە 1224 - يىلى (مىلادىيە 1809 — 1810 - يىللار) قەشقەر شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ قەبرىستانلىقنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆزى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساتماقچى بولغان، بىراق، يۇرت كاتتىلىرى بۇنىڭغا قارشى چىققاچقا، ئۇ گۈمبەزگە كاھىش ياتقۇزماقچى بولغان پۇلنى ھېيتگاھ جامەسىگە ياردەم قىلىپ، گەج بىلەن سۇۋاپ ئۆزىگە بىر گۈمبەز ياساتقانىدى. ئۇنىڭ جەسىدى مۇشۇ گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىندى. بۇ گۈمبەز ئاق مازار دېگەن نام بىلەن بۈگۈنگىچە قەشقەر باغچىسىنىڭ شەرقى، ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ غەربىدىكى چوڭ قورۇنىڭ ئىچىدە ئاسار ئەتىقە ھېسابىدا ساقلانماقتا.

ئەپىردۇن قەشقەردىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، لۈكچۈنگە قېچىپ كەلگەن تۇغقانلىرىدىن دادىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ئەينى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلىغاندىن كېيىن، خانغا مەلۇمات يوللىدى، خان ئەپىردۇنغا «جۈنۋاڭ» مەرتىۋىسىنى بەردى، بۇ ھەقتە شائىر ئەخمەت غوجامنىياز (قۇسۇرى) (1717 — 1827 - يىللار) شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

بولدى جۈنۋاڭ شاھى سەككىز ياشىدا،
لەئىللىق تاجى ئەپىردۇن باشىدا.

ھەقىقەتەن، 8 يېشىدا ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئوردا خادىملىرىنىڭ ۋاڭلىق قائىدە يوسۇنلىرى ھەققىدە تەلىم بېرىشى، ئەخمەت ئاخۇنلۇقىمغا ئوخشاش ئۆلىمالارنىڭ ئۇزۇن يىل زېرىكمەي ئوقۇتۇشى ئارقىسىدا ئەپرىدۇن ۋاڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئادەم بولۇپ چىققان. ئۇ لۈكچۈندىكى مەسچىد، مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپىلىرىنى كۆپەيتىپ، مۇدەررىس ۋە تالىپلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان.

زوھۇرىددىن 1832 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، 19 يىلدىن كېيىن، لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ، قېرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، قەشقەرگە بارغىلى ئۇنىمىدى. زوھۇرىددىننىڭ ئوغلى يوق ئىدى. شۇڭا ئەپرىدۇن ۋاڭ ئوردا ئىشلىرىنى يېقىنلىرىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاسىم تەيجىنى، ئايالى ئايشىخاننىڭ بۇرۇنقى ئېرى مۇھەممەت ئاتاۋۇللادىن تۇغۇلغان ئوغلى ئەتتاخاننى، لۈكچۈندىن 9 قېتىم قوغلاپ چىقىرىپ، يەنە چاقىرتىپ ئەكېلىنگەن موللا زەيدىن (1815 — 1880) گەپچىنى، يەنە 2 خىزمەتچىنى ھەمراھ قىلىپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەندە، ئىبراھىم مالچىنىڭ ئۆيىدە قونغان. ئاخشىمى ئۇنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى ھاۋاخاننى نىكاھىغا ئېلىپ، بىر كېچە بىللە بولۇپ، ئەتىسى مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئايالىغا قالدۇرۇپ كەتكەن. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، زوھۇرىددىن ھاكىم بەگنىڭ ئورنىدا ھاكىم بەگ بولغان. ئەتتاخان قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق ۋەخپىلەرنى باشقۇرىدىغان باش مۇتەۋەللى بولغان. ئاسىم تەيجى ئەپرىدۇننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. 1864 ـ يىلى كۇچا خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى بىلەن قەشقەردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭچىلار قەشقەر كوناشەھەرنى ئالدى. قوزغىلاڭچىلار قوقاندا تۇرۇۋاتقان بۇزرۇك خوجىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭغا يولدا قوشۇلۇپ بىللە كەلگەن ياقۇپبەگ 1865 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن سىدىق بەگ (قىرغىز)، جىن شياڭيۇن (خۇيزۇ) لارنى بېسىقتۇرۇپ، 1868 ـ يىلى بۇزرۇك خوجىنى ھەرەمگە ئۇزىتىپ قويۇپ، قەشقەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋالغان. ئۇ، ئەپرىدۇن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى يەكەنگە خىزمەتكە بۇيرۇغان. 2 يىلدىن كېيىن ئەپرىدۇن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، كېيىن ئەپرىدۇن قەشقەردە ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىپ، 1877 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۆلۈپ كەتكەن.

1878 ـ يىلى زو زۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ياقۇپبەگ قىسىملىرىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا كىمنى ۋاڭلىققا مەلۇم قىلىش توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقاندا، ئەپرىدۇن ۋاڭنىڭ ئاپىسى ئاسىم تەيجىنى ئاتۇشقا مەخپىي ئەۋەتىپ، ئىبراھىم بوۋاينى تېپىپ، ئەپرىدۇننىڭ بىر كېچە بىللە بولغان ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى مامۇتنى ئاغىنىسى روزى بىلەن بىللە لۈكچۈنگە ئېلىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان ئەمەلدارلىرىغا بىرمۇنچە ئالتۇننى پارا بېرىپ، خانغا مەلۇمات يوللاپ، مامۇتنى ۋاڭلىققا كۆرسىتىدۇ. 1882 ـ يىل 1 ـ ئايدا خاننىڭ تەستىقى چۈشكەندە، مامۇت 18 ياشقا توشقان كۈنى ئىدى. مومىسى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا پادىشاھ، سەلتەنەت ئىگىسى دېگەن مەنالاردىكى «سۇلتان» سۆزىنى قوشۇپ، سۇلتان مامۇت ۋاڭ دەپ ئېلان قىلغان. سۇلتان مامۇت ۋاڭلىققا ئولتۇرۇپ، 1885 ـ يىلى خاننىڭ ئالدىغا تازىمغا بارغاندا خان ئوردىسىنىڭ خاتىرىسىدىن مامۇتنىڭ ئىسمى تېپىلمايدۇ، گۇاڭشۇخان ئاچچىقلىنىپ: «ئەپرىدۇن بىزگە سادىق ئەمەسكەن، تۇغۇلغان بالىسىنى ئوردىغا مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە 250 توقماق (كالتەك) ئۇرۇش جازاسى بېرىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۇپ، جازانى ئىجرا قىلىشقا 2 ئادەمنى ئەۋەتكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ۋاڭ ئوردىسى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پاتپاراق بولۇپ، يىغا - زاره قىلىشقان، ئاخىرى بېيجىڭدىن كەلگەنلەرگە 6 ئادەمنى قوشۇپ قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ئۇ چاغلاردا خەنزۇ، مانجۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كىرىشىگە بولمىغاچقا، ئۇلارنى 2 كىشى مېھمانخانىدا كۈتۈپ قالغان. قالغانلار مەسلىھەتلىشىپ، 250 تال چىۋىق كېسىپ كېلىپ، 10 تالنى بىر باغلام قىلىپ باغلاپ، ئاق مازارنىڭ ئىشىكىگە دەپنە قىلىنغان ئەپرىدۇننىڭ قەبرىسى ئۈستىگە چىۋىقلار تىتىلىپ كەتكىچە ئۇرۇپ ئاندىن «خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەپرىدۇننىڭ ئۆلۈكىگە 250 توقماق ئۇرۇپ سۆڭەكلىرى كۇكۇم تالقان قىلىۋېتىلدى» دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات تەييارلاپ، مۆھۈر بېسىپ، بېيجىڭدىن كەلگەنلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغان. شۇندىن كېيىن خەلق ئارىسىدا: «پادىچى ۋاڭ ياڭزىدا بار، داڭزىدا يوق»، «ۋاڭلار بوۋىسىنىڭ ئۆلۈكىنى توقماقلايدۇ» دېگەن گەپ پەيدا بولغان.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۇبەيرى

# قالغاچ مەھەللە توغرىسىدا رىۋايەت

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يۇرچاقچى يېزىسىدا «قالغاچ مەھەللە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئەل ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان. 1860- يىللىرى 20 ياشتىن ئاشقان يەھيا ئىسىملىك بىر يىگىت دادىسىنىڭ دەۋتى بىلەن ھال-كۈننى ياخشىلاش مەقسىتىدە تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى كېڭەيتىش نىيىتىگە كەپتۇ. يەھيا ھازىرقى باش ياغاچچى كەنتىدىكى ئۆيىدىن چىقىپ، ئېرىقنى بويلاپ بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ھازىرقى ئاياغ ياغاچچى كەنتىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەندە، سۇغۇرۇشقا ئەپلىك بىر تۈزلەڭلىككە كۆزى چۈشۈپتۇ ھەمدە ئەتىسىدىن باشلاپ ناننى يوتىسىغا چىگىپ، كەتمىنىنى دولىسىغا ئارتىپ ھېلىقى جايغا بېرىپ ئېرىق چېپىپ يەر ئېچىشقا تۇتۇش قىلىپتۇ. قالغاچ كۈزدە كېتىپ، ئەتىيازدا قايتىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، يەھيامۇ ھەر كۈنى ئەتتىگەندە ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ كەچتە پەيدا بولغاچقا، قوشنىلىرى ئۇنى «يەھيا قالغاچ» دەپ چاقىرىدىغان بولۇپتۇ. كۈز پەسلى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېڭى ئېتىزلىرىدىكى قوناقلىرى پىشىپتۇ. يەھيا ھوسۇلنى ئوغرى ۋە چارۋاماللاردىن قوغداش ئۈچۈن قۇملۇق دۆڭنىڭ باغرىغائۆي سېلىپ ماكانلىشىپتۇ. كېيىنكى يىللىرى ئۆيىنىڭ يېنىغا كۆل كولاپ ئەتراپىغا سۆگەت تىكىپتۇ. قاراساي، ياۋا يېزىلىرىغا كىرىپ - چىقىدىغان يولۇچىلار بۇ كۆل بويىدا سالقىنداپ ھاردۇق ئالىدىغان بولۇپتۇ. كېيىن بۇكۆل «يەھيا كۆلى» دەپ ئاتىلىپتۇ (ھازىر بۇ كۆلنىڭ ئىزناسىمۇ يوق). يەھيا بۇ جايدا ئۆي - ماكان، باغ - ئېتىزلىرىنى كېڭەيتىپ، 9 قىز، 3 ئوغۇلغا دادا بولۇپتۇ. يەھيا 1904- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ «ياماندىن داغ قالىدۇ، ياخشىدىن نام» دېگەندەك ئۇ بىنا قىلغان مەھەللە ھازىرمۇ ئۇنىڭ لەقىمى بىلەن «قالغاچ مەھەللە» دەپ ئاتالماقتا. ھازىر يەھيادىن تارالغان «قالغاچ» لەقەملىكلەر 12 ئائىلىگە يەتتى.

تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

# مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى


## تاھىر تاشبايېف

(تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)


XX ئەسىر چۆچەككە يېڭىچە مائارىپنى ئېلىپ كىردى. 1901 - يىلى چۆچەكتىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ «ئۆمەرىيە مەكتىپى» قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ھەرمىللەت تىلىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. 30 - يىللارغا كەلگەندە شەھەر، يېزىلاردا بولۇپ 40 تىن ئارتۇق مەكتەپ بارلىققا كەلدى.

مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە مائارىپنى بارلىققا كەلتۈردى. 1932 - يىلى چۆچەك ھاكىمى مەنسۇر ھاجى، چۆچەك «تۇران» مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھېسام باۋىن، ئوقۇتقۇچى ۋە چۆچەك «نەشر - مائارىپ جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسى نىياز ئىسھاقى قاتارلىقلار مۇزاكىرىلىشىپ، چۆچەكتىكى ئۇيغۇر مەھەللىسىدە بىر قىزلار مەكتىپى ئېچىشقا كېلىشىدۇ. مەكتەپ نامىنى نۇرغۇن غۇلغۇلا ئارقىلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نامىدا ئاتاش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، جىن شۇرېننىڭ مائارىپتىكى تېررورلۇق سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەكتەپ نامى قىسقارتىلىپ «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۆچەك توما كوچىسىدىكى مەھمۇت ھاجىنىڭ قورۇسىدىن 3 ئېغىزلىق ئۆي ئىجارىگە ئېلىنىپ، 2 سىنىپلىق ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ئېچىلىدۇ. نىياز ئىسھاقىنىڭ چوڭ قىزى ماھىيە ئىسھاقى تۇنجى بولۇپ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. مەكتەپ خىراجىتى ئاممىدىن ئىئانە توپلاش ۋە «نەشر - مائارىپ جەمئىيىتى» نىڭ كىرىمىدىن ئاجرىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى.

ئەينى ۋاقىتتا قىزلار مەكتىپىنى ئېچىش مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ يېڭىچە مائارىپقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ باراۋەر تەرەققىي قىلىش ئارزۇسى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. نەتىجىدە خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنى بەس - بەستە يېڭىچە مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتىدۇ. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى تېز كۆپىيىپ، ئىجارىگە ئالغان سىنىپلارغا پاتماي قالغاچقا، 1934 - يىلى خەلقتىن توپلانغان ئىئانە بىلەن ئايرىم بىر مەكتەپ سېلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا «نەشر - مائارىپ جەمئىيىتى» تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنىڭ 1934 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈندىكى سانىدا مەكتەپ سېلىشقا ئالاھىدە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن ھاكىم مەنسۇر ھاجى ۋە ئىگەمبەردى خەلپەت قاتارلىق كىشىلەرگە گېزىت يۈزىدە رەھمەت ئېيتىلغان. مەكتەپ قۇرۇلۇشى شۇ يىلى پۈتۈپ ئوقۇش باشلانغان. بۇچاغدا مەكتەپ كۆلىمى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى ئاشقانلىقتىن، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىققان. شۇڭا «نەشر - مائارىپ جەمئىيىتى» 1934 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇران مەكتىپىدە يىغىن ئېچىپ، «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» نىڭ

www.uyghurkitap.com



مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرى. تارتىلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: 1. مۇنىرە ئابدۇلېتىپوۋا، 2. سەيپىدىن ئەزىزى، 3. ماھىيە ئىسھاقى، 4. مائارىپ مۇپەتتىشى، ئىسمى ئېنىق ئەمەس، 5. مېھرى مىرئىسمائىلوۋا، 2 ـ رەت ئوڭدىن: 1. مۇقەددەس غۇلامقارى؟ 2. مۇرشىدە جامالى، 3. بەھرى رېھىمقان قىزى، 4. ئابدۇقادىر ئىمىنى، 5. مېرا، 6. پاتىمە ئىمىنجان قىزى، 7. ؟

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۇران مەكتىپىدە 2 ئايلىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش، كۇرستا تۇران مەكتىپىنىڭ دەرس پروگراممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كۇرسنىڭ دەرس پروگراممىسىغا قوشۇمچە پسىخولوگىيە، مېتودىكا دەرسىنى قوشۇپ ئۆتۈش قارار قىلىنىدۇ. بۇ دەرسلەرنى ئۆتۈشكە نىياز ئىسھاقى، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتۈشكە ھېسام باۋىن، ماتېماتىكا دەرسىنى ئۆتۈشكە ئىبراھىم بېكبولات، تارىخ ۋە جۇغراپىيە دەرسىنى ئۆتۈشكە خېلىل، دىن دەرسى ۋە قىرائەت ئۈچۈن سالىھ ھەزرەتلەر تەيىنلەنگەندىن سىرت، خەنزۇ تىلى دەرسىگە مۇۋاپىق ئادەم تېپىش قارار قىلىنىدۇ. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىراجىتىنى ھاكىم مەنسۇر ھاجى ئۆز يېنىدىن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. دەرسلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلۈپ، «بىزنىڭ تاۋۇش» نەشرىيات شىركىتىدە كۆپەيتىپ بېسىلغان. بىر قىسىم دەرسلىكلەرنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى تۈزۈپ باستۇرغان.

1935 ـ 1936 ـ يىللىرى چۆچەك ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەرنى نومۇر تەرتىپى بويىچە ئاتاشنى يولغا قويۇپ، «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» نى «چۆچەك ۋىلايەتلىك ئىپتىدائىي قىزلار مەكتىپى» دەپ ئاتىغان.

ئوقۇغۇچىلار سانى يىلسېرى كۆپىيىپ، ئەسلىدىكى مەكتەپكە سىغىشماي قالغاچقا، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى چۆچەك ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى مەكتەپ ئورنىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىتتىپاق يولى 149 ـ قورۇدىكى چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىغا يۆتكەشنى قارار قىلغان. مەكتەپ ئورنىنىڭ كۆلىمى 6720 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل ھېسابى بويىچە 1 مىليون 600 مىڭ دوللار بولغان.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى 1946 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بويىچە «مەھمۇدىيە مەكتىپى» نىڭ نامىنى «مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى مەكتەپ بولۇپ قالغان.

1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بۇ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە: «كىشىلىك جەمئىيەتتە، ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى

ئوقۇتقۇچى مىھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. . . ياش ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا قارىتىلغان بولۇشى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز تەلىم - تەربىيىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى چۈشەنگەن بولۇشى لازىم» دېگەن. بۇ سۆز ئوقۇتقۇچىلار ئەمگىكىگە بېرىلگەن يۇقىرى باھا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مائارىپ يۆنىلىشىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەن. شۇڭا «مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى» ۋە باشقا مەكتەپلەر بۇ سۆزنى چوڭ پىلاكاتلارغا يېزىپ مەكتەپ زالىنىڭ سەھنىسىگە ئېسىپ قويغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلغان. چۈنكى ئازادلىققا ئېرىشكەن ھەرمىللەت خەلقى نادانلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇشقا تەقەززا بولۇپ، ئىختىيارى ھالدا ئاكتىپلىق بىلەن مائارىپ ئۈچۈن ئىئانە توپلىغان. ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۆشرە - زاكات كىرىمىنىڭ بىر قىسمى مالىيە ئارقىلىق مائارىپقا ئاجرىتىپ بېرىلگەندىن سىرت، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن مالىيە كىرىمىنىڭ 23.5%ى مائارىپقا ئاجرىتىپ تۇرۇلغان. بولۇپمۇ ئەينى يىللاردا ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ قارىمىقىدا ئاتا - ئانىلار كومىتېتى قۇرۇلغان، بۇ كومىتېت مەكتەپنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى چۆچەك ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن 1945 - يىل 12 - ئايدا شەھەر ۋە يېزا مەكتەپلىرى قارىمىقىدا قۇرۇلغان ئاتا - ئانىلار كومىتېتى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم خىزمەت قوللانمىسى تۈزۈپ ئېلان قىلدى.

مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى 30 - يىللاردىكى ئىپتىدائىي مەكتەپتىن تەرەققىي قىلىپ 40 - يىللارغا كەلگەندە مۇنتىزىملاشقان ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇغۇچىسى 200 دىن ئاشقان. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇنتىزىم مەكتەپلەر قاتارىدا، پىلان بويىچە پروگراممىلار تولۇق ئورۇندىلىپ تۇرغان. ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلگەن. 1946 - يىل 8 - ئايدا چۆچەكتە ئېچىلغان چۆچەك ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈملىرىنىڭ 1945 - 1946 - ئوقۇش يىلىدىكى خىزمەتلىرىنى باھالاشتا مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى» 2 - بولۇپ باھالانغان.

1948 - يىل 8 - ئايدا 3 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈملىرى بىلەن چۆچەك شەھەر



مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى (چۆچەك ۋىلايەتلىك 1 - ئىپتىدائىي قىزلار مەكتىپى) نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى. 1939 - يىلى تارتىلغان.

ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: 1. مەكەن، 2. مۇنىرە ئابدۇلپەتتېپوۋا، 3. ئامىنە ئاپپاي، 4. ماھىيە ئىسھاقى، 5. تابىئە ئىسھاقى، 6. مۇرشىدە جامالى، 2 - رەت ئوڭدىن: 1. نەسىمە، 2. ياتىمە ئىمىنجان، 3. بىبى غىما تۇنوۋا، 4. ؟، 5. ئۆلمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئىچى مەكتەپلىرى قاتناشقان كۆرگەزمە چۆچەكتە ئېچىلغان. «كۆرگەزمىگە ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن دىئاگىراما، خەرىتە، رەسىم، كارىكاتۇرا ۋە تام گېزىتلىرى قويۇلغاندىن سىرت، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندى، خەلق قەھرىمانلىرى ۋە بۈيۈك پەن ئالىملىرىنىڭ ئالاھىدە ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان رەسىملىرىمۇ قويۇلغان بولۇپ، كۆرگۈچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنى باھالاشتا مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى قىزلار مەكتىپىمۇ باشقا مەكتەپلەر قاتارىدا ئەلا باھالانغان. ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاشتا مەزكۇر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ناجىيە خانبابايېۋا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەقدىرنامىسى بىلەن، ساپۇرا مەخمۇدوۋا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەقدىرنامىسى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 27 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەكتەپلەر ئارا سەنئەت كۆرىكىدە مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەريەم 1 - بولدى، ساپۇرا مەخمۇدوۋا مۇنەۋۋەر ئارتىستكا بولدى. 1948 - يىلى يازدا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، «مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى» ئەينى ۋاقىتتا چۆچەكتە تونۇشلۇق ئاتاقلىق كومپوزىتور ئابدۇرېھىم ئەخمەدىگە مۇزىكا ئىشلىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئايروپىلان شەكلىدە تىزىپ، مەلۇم ھەرىكەت كۆرسىتىپ مەيدانغا كىرگەندە پۈتكۈل مەيدان ئەھلى ھاڭ - تاڭ قالغان. مۇشۇ قېتىملىق مۇسابىقىدا «مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى» 1 - بولغان. 1949 - يىلى مەكتەپلەرنى باھالاشتا «مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى» 1 - بولۇپ باھالىنىپ، مۇدىرى مەريەم تۇردىبايېۋاغا «ساداقەت» مېدالى بېرىلگەن.



مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇتقۇچىلىرى. 1951 - يىلى تارتىلغان.

ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: 1. نۇرنىسا سېيىتھاجىيېۋا، 2. مەريەم تۇردىبايېۋا، 3. مەرھەمەت بۆۋى ئاخۇنوۋا، 4. ساپۇرا سەئىدوۋا، 5. خالىدە ھەنەپى. 2 - رەت ئوڭدىن: 1. مەكەن، 2. مۇقەددەس ئوسمانوۋا، 3. سارا مەمتىلى، 4. زۆھرە ئىبراھىموۋا، 5. زويا، 3 - رەت ئوڭدىن: 1. پەۋزىيە بېرىپشوۋا، 2. XX، 3. بەھرى خوجائەخمەت قىزى، 4. ئولىيا ساخارستوۋا، 5. رەيھان ئوسمانوۋا.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ بولۇپلا قالماستىن يەنە بۇ مەكتەپنىڭ ۋالىبول كوماندىسى 50 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئاياللار كوماندىلىرىنىڭ بىرى بولغان. بۇ مەكتەپنىڭ سەنئەت كۆرژۈكىدا يېتىشىپ چىققان ئارتىستلاردىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى كامال، قازاقىستان خەلق ئارتىسى، جۇمھۇرىيەتتە خىزمەت كۆرسەتكەن مەشھۇر كىنو ئارتىسى پەرىدە شەرىپوۋالارنى ئاتاپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ كېيىنكى چاغلاردا ھەرقايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان زىيالىيلاردىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئايشەم ئىمىنوۋا، شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەيمۇنە ئىسھاقى، بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مەريەم مەھمۇدىۋا، ئامىنە قاسىم، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇختەبەر، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئامىنە، سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى نۇرىمان، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى رەيھان قاسىم قاتارلىقلارنى «مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپى» ئۆز قوينىدىن ئۇچۇرغان لاچىنلار دېيىشكە بولىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ بىر ئىپتىدائىي قىزلار مەكتىپىدىن تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

1947 - يىلى چۆچەك ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى چۆچەك شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپىدە 22 كىشىلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان. 1947 — 1948 - ئوقۇش يىلىدا بۇ مەكتەپتە 3 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ (ئۇيغۇر ئوغۇللار 6 - سىنىپى، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت باللىرى ئارىلاش قىزلار 6 - سىنىپى، قازاق ئوغۇللار 6 - سىنىپى) ئېچىلغان. بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن 1948 — 1949 - ئوقۇش يىلىدا باشقا مەكتەپلەردە ئېچىلغان تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ چۆچەك گىمنازىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

مەزكۇر مەكتەپ ئەينى يىللاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ياخشى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيىلىك باشقا زىيالىيلارنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزگەن. شۇ يىللاردا چۆچەك ۋە پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق زىيالىيلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى، نىياز ئىسھاقى، ھېسام باۋىن، خەمىت ۋەكىلى، مىر تۆمۈر جامالى قاتارلىق زىيالىيلار ھەر دائىم مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپىگە كېلىپ مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى ئۆتۈپ تۇرغان.

بۇ مەكتەپكە 1932 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە ماھىيە ئىسھاقى، 1943 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە مۇھەببەت نەزەرىۋا، 1944 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە مۇقەددەس غۇلامقارى، 1946 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە مەرزىيە ئەخمەتوۋا، 1947 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە مەريەم تۇردىبايېۋا، 1952 - يىل 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ساپۇرا مەخمۇدىۋالار مۇدىر بولغان.

مەھمۇت قەشقەرى مەكتىپىنىڭ چۆچەكنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى چۆچەك خەلقى ناھايىتى يۇقىرى باھالايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ 1950 - يىلى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە شىئەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق ياشلار يىغىنىغا تارباغاي ۋىلايىتىدىن بارغان 5 ۋەكىلنىڭ ئىككىسى مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىدىن سايلانغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا مەكتەپ مۇدىرى مەريەم تۇردىبايېۋا بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى پەرىدە شەرىپوۋا تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ شىئەن شەھىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئامەت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ دېگەندەك، ۋەكىللەر دەل شىئەنگە جەم بولۇپ قۇرۇلتاي

ئىچىۋاتقان مەزگىلدە، چېخسلوۋاكىيىنىڭ پايتەختى پىراگا شەھرىدە ئېچىلماقچى بولغان دۇنيا ياشلار فېستىۋالىغا ۋەكىل تاللاش ئىشىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىلدى. شۇ چاغدىكى ۋەكىل تەقسىماتى بويىچە غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكىدىن تۆتكان ياشلىرىغا ۋاكالىتەن بىر ۋەكىل تاللاش بېكىتىلگەن، قۇرۇلتايغا قاتناشقان تۆتكان ياشلىرىنىڭ بىر ئېغىزدىن ماقۇللىشى بىلەن مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىنىڭ پەخرى پەرىدە شەرىپوۋا بۇ فېستىۋالغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشىدۇ. بۇ پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە بەرگەن يۇكسەك باھاسى ئىدى.

1952 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى چۆچەكتىكى مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەرقايسى مىللەت مەكتەپلىرىدىكى ئوغۇللار سىنىپلىرىنى يىغىپ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە يېڭىدىن مەكتەپ بىناسى سالىدۇ. ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى قىزلار ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى قۇرۇپ چىقىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىمۇ بىرلەشتۇرۇپ رەت نومۇرى بويىچە ئاتاشنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر مائارىپى ئۈچۈن 20 يىل تۆھپە قوشقان مەھمۇت قەشقەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى تاماملايدۇ.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ۋە ئىشلەپ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقان ۋە ھېلىھەم تىنىمسىز مېھنەت قىلىۋاتقان تۆھپىكارلار ئاز ئەمەس. شۇڭا ماقالىدا ھەر خىل يېتەرسىزلىك ۋە سەۋەنلىكلەر بولسا كەسپداشلار ۋە شاھىدلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ھۆرمەتلىك ئۇستاز مەريەم ئاپپاي تۇردىبايېۋاغا چىن كۆڭلۇمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن.

تەھرىرلىگۈچى : ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 37 ـ بەتتە)

(بېشى 37 ـ بەتتە)

كەلتۈرۈپ، خانلىقنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ بۇ جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرى بىلەن خانلىقنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىغىمۇ بىۋاستە ئارىلىشاتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا خوجا ئىسھاقنىڭ رەقىبى مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان) نىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۇسۇپ ھەج سەپىرىدىن قايتىپ، سەمەرقەندكە بارماستىن دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ⑥⓪ موغۇلىستانغا — تۇرپان، قۇمۇل تەرەپلەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، چۈنكى ئۇمۇ سەمەرقەند، ماۋەرا ئۇننەھرلەردە ئانچە چوڭ تەسىر قوزغىيالمىغانىدى، شۇڭا دادىسىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە موغۇلىستان خەلقىنى «ھىدايەتكە ئۈندەش» ئۈچۈن بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنىدى. مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ موغۇلىستانغا كېلىشى ئەمەلىيەتتە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەرتىۋە تالىشىش كۈرىشىنىڭ يەكەن خانلىقىغا رەسمىي يۆتكەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئەۋجگە چىقىشى نەتىجىسىدە، بۇ زېمىن ئۆلارنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى «ئىشقىيە»، «ئىسھاقىيە» دېگەن ناملاردىن كېيىنكى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» تىن ئىبارەت ئىككى يەرلىك گۇرۇھ شەكىللەندى. قارىمۇ قارشى بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشى خەلقنى ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈشكە مەجبۇر قىلىپ، گۇرۇھۋازلىق، تەپرىقىچىلىك تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# يەر ناملىرى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر

قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى

(«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئىدارىسىدىن)

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن بۈگۈنگىچە بولغان ئاز كەم 20 يىلدا شىنجاڭدىكى يەر ناملىرى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، يەنە بەزى خاتا قاراشلار تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلدى.

خاتالىقىمىز ئاز بولمىدى. شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى تەتقىقاتى خاتالىقلارنىڭ يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ يىغىندىسى بولۇشى كېرەك. مەن تۆۋەندە يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا ساقلانغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا ئاددىي فونېتىكىلىق تەخلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يەر ناملىرىنىڭ قاتلىمىغا بولغان چۈشىنىش ئايدىڭلاشتۇرۇلمىدى.**

يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا تىل نۇقتىسى جەھەتتىن فونېتىكىلىق تەخلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىرقەدەر ئىلمىي ۋە ئومۇمىي تەتقىقات يۆنىلىشى بولۇپ، ئۇ يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، لېكىن ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق يەر نامىنى فونېتىكىلىق تەخلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، يەر ناملىرىنىڭ دەۋر قاتلىمىغا بولغان چۈشەنچىمىز سۇسلىشىپ، قەدىمكى يەر ناملىرىنى ھازىرقى زامان يەر ناملىرى قاتارىدا چۈشىنىش كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا يەر ناملىرىنىڭ دەۋر قاتلىمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاددىي فونېتىكىلىق تەخلەشتۈرۈش ئۇسۇلىغىلا ئەھمىيەت بەرمەستىن، شۇ جاينىڭ تارىخىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. مەسىلەن: بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا «توخۇلا» دېگەن بىر كەنت بار. بۇ كەنت 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «قارا جىگدىلىك» (哈拉吉格代) دەپ ئاتالغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا يەر ناملىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن «توقۇلۇق» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ئەمما يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى يەنىلا «توخۇلا» دەپ ئاتاپ كەلگەن①. نەتىجىدە بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرىنى تەكشۈرگۈچى خادىملار بۇ 2 نامنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ۋە نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان، كېيىن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، شۇ يەرلىك ياشانغان بىر كىشى «توخۇلا» نامىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شۇ يەرلىك بىر كىشى بىر قېتىم توخلا (2 ياشلىق قوي) دىن بىرنى سېتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي توخلا دەپ ئاتىلىپتۇ②. ئېھتىمال، «بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى خادىملار «توخۇلا» نامىنى ئاددىي ھالدا فونېتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئاشۇ كىشى ئېيتىپ بەرگەن «توخلا» نامىدىن ئۆزگەرگەنلىكىگە ئىشەنگەن. بۇ نامنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن: tohLα→toh(α)Lα→tohuLα. ئەمما، مۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش «توخۇلا»



www.uyghurkitap.com

نامىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. ئېنىقكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر توخلىنى سېتىۋېلىش بىلەن بىر كەنتنىڭ نامىنىڭ توخلا دەپ ئاتىلىپ قېلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. توخلىنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ نامى يوقمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۇر ناھىيىسىدىن باشقا يەنە كۇچا، ئاراتۇرۇك، ئونسۇ، قاراقاش قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ «توخۇلا» نامىدا ئاتىلىدىغان بىرمۇنچە يېزا - كەنت بار. بۇ جايلارنىڭ نامىنىڭ ھەممىسى بىر توخلا سېتىۋېلىشتىن كېلىپ چىققانمۇ؟ ياق، بۇ بىر پەرەز، پۈتۈنلەي خاتا قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك ياكى يەر نامىلىرىنىڭ دەۋر قاتلىمىغا توغرا باھا بېرەلمىگەنلىك. مەيلى قانداقلا بولسۇن، يۇقىرىقى جايلاردىكى «توخۇلا» نامىغا شۇ ئورۇننىڭ «يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە قانداق مەنا بەرگەنلىكى نامەلۇم. پەقەت «ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ يەر نامى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «تۇخۇلۇكې (图呼鲁克)»، «تۇگۇلىكې» (图古力克)، «تۇگۇلۇ» (土古鲁)، «تۇخۇلۇ» (土乎鲁) دەپ ئاتالغان بولۇپ، موڭغۇلچە «يۇمۇلاق يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ «غەربىي يۇرتنىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دىكى «تۇقۇلۇق (图古力克) موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، يۇمۇلاق دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، ئەسلى يەر شەكلى يۇمۇلاق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان» ③ دېگەندىن كەلگەن، بىراق بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان « 图古力克 » دېگەن سۆزنى «توخۇلا» دېيىشكە ئاساسىمىز بولمىسا كېرەك. «توخۇلا» دېگەن بۇ نام قەدىمكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينىغان توخار قەبىلىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى بولغان «توقرى» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «ئوتاق» دېگەن يەر نامىنى «ئورتاق» دەپ (ئەمەلىيەتتە «ئوتاغ» بولۇپ، مەھەللە دېگەن مەنىدە كېلىدۇ)، «سوزاق» دېگەن يەر نامىنى «سۇغا ئۇزاق» دەپ (ئەمەلىيەتتە يېزا، كەنت دېگەن مەنىدە)، «ئەگۈس» دېگەن يەر نامىنى «ئەگىش» دەپ (ئەمەلىيەتتە ئەرگوز)، «مۇش» دېگەن يەر نامىنى «مۇشت» دەپ (ئەمەلىيەتتە چىگىلچە «مۇشۇك» دېگەنلىك بولىدۇ)، «بەلدىر» دېگەن يەر نامىنى «بالدۇر» دەپ (ئەمەلىيەتتە «بالدىر» تۇمشۇق دېگەن مەنىدە) ④ چۈشەندۈرۈپ، ئاددىي فونېتىكىلىق تەڭلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچىلىغان يەر نامىنى خاتا ئىزاھلىنىۋالغان.

**ئىككىنچى، يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان يەر نامىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تارتىش ياكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامىلىرىنى باشقا تىللارغا تارتىش خاھىشى بىرقەدەر ئېغىر.**

يەر نامىلىرىنىڭ تىل مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقىش يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تىل مەنبەسى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل. بۇ شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەر تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەيلى قەدىمكى دەۋردە بولسۇن ياكى يېقىنقى زاماندا بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن، شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ئوخشاش بولماي كەلدى. شۇڭا يەر نامىلىرى ئاشۇ مىللەتلەر تىلىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر نامىلىرىغا ئائىت تەتقىقاتلارنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىدىن قارىغاندا، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان يەر نامىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تارتىش، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر نامىلىرىنى باشقا تىللارغا تارتىشتەك ناچار خاھىشلار خېلىلا ئېغىر. بولۇپمۇ كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ھە دېسىلا موڭغۇل تىلىغا قىستاپ ئاپىرىدىغان، قانداقلىكى شەكىلدىن بولسۇن مەنا

چىقىرىشقا تىرىشىدىغان خاھىشلار ساقلىنىۋاتىدۇ. بەزىلەر «ئاراتۆرۈك» نامىنى موڭغۇلچە «شاماللىق» دېگەن مەنىدە، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈكتىن دائىم شامال چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان[5] دېدى، بەزىلەر بۇ نام قازاقچە دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسىنى چىقىرالمىغان[6]. نيۇرۇجېن ئەپەندىمۇ ئالدىنقى قاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[7]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تۈرك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»، «ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان»[8] دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارمۇ بار. يېقىندا، بۇ نام ئەسلى «ئارت تۈرۈك» بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «داۋان ئۈستىدىكى قەلئە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلاندى[9]. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇ نام موڭغۇلچە ئەمەس، بەلكى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزدۇر، يەنە بىرى «سايرام كۆلى» نامىنى بەزىلەر موڭغۇلچە سۆز دەپ قاراپ، موڭغۇللار «چاغان سەرىم نۇر» دەپ ئاتايدۇ، بۇ «ئاق تىنچ كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرچە «سۈتكۆل» بىلەن باراۋەر دەپ ئىزاھلىدى[10]، بۇ توغرا ئەمەس، تېخى بەزىلەر بۇ نامنى ئۇيغۇرچە «راھەت» دېگەن مەنىدە دېسە، يەنە بەزىلەر قىرغىز تىلىدا «سۈتكۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[11] دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتۇر. «سايرام» دېگەن سۆزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: 1) «سايرام، ئىسپىجاپ دەپمۇ ئاتىلىدىغان «بەيزا» شەھىرىنىڭ ئېتى، «ساريان» مۇ دېيىلىدۇ. 2) «سايرام، سايرام سۇ - تېپىز سۇ، ئوشۇقتىن ئاشمىغان سۇ». مەھمۇت قەشقىرى يەنە «سايرام» سۆزىنى پېئىل شەكلىدە ئېلىپ، «سايراملاندى - تېپىزلەشتى، سۇ سايراملاندى — سۇ تېپىزلەشتى» بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن[13]. دېمەك، بۇ يەردىكى «سايرام» سۆزى «تېپىز سۇ» مەنىسىدە كېلىۋاتىدۇ. «سايرام كۆلى» نىڭ نامىغا كەلسەك، ئۇ «تېپىز سۇ» مەنىسىدە كەلگەن «سايرام» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىدە كېلىشى بولۇپ، «چوڭقۇر كۆل»، «تېگى يوق كۆل» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك.

باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بەزى يەر نامىلىرى بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىغا تارتىۋېلىنغان. مەسىلەن: «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر - جاي نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «پايناپ — پايلاپ» (توغرىسى پارسچە پاي + ئاب بولۇپ، سۇيى ئاز جايلارنى كۆرسىتىدۇ)، «ئوقاپ — ئويمان» (توغرىسى ئەرەبچە «بۇركۇت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) «نوقەت - سۇ ئۆتكۈزىدىغان نو» (توغرىسى ئەرەبچە «چېكىتلەر»، «نۇقتىلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كىچىك مەھەللە دېگەنلىك بولىدۇ)، «كا — ئاكا» (توغرىسى پارسچە ياساۋۇل مەنىسىدىكى «كاتاۋۇل» سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى) قاتارلىق يەر نامىلىرىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىغا تارتىلىپ ئىزاھ بېرىلگەن[14]. بۇنداق قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس. يەر نامىلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بۇرمىلاشقا ياكى ئۇنىڭ دەۋر قاتلىمىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش، تولۇقلانمىغان، سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان يەر نامىلىرى ئۈستىدە ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىق كېرەك.

**ئۈچىنچى، يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يەر نامىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، بىۋاستە ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتىدۇ.**

شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت يەر نامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، بۇ يەر نامىلىرى قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى فونېمىسىغا ئاساسەن ئاتالغان ۋە يېزىلغان. قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يەر نامىلىرىنى چوقۇم شۇ دەۋردىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىش كېرەك. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا، قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن ئاتالغان ۋە يېزىلغان يەر نامىلىرىنى ھازىرقى زامان خەنزۇ

www.uyghurkitap.com

تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىنغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مۇنداق بولغاندا شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تىل تەركىبى، مەنىسى ۋە دەۋر قاتلىمى ھەققىدە ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە بولالمايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېما قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلمىغان ياكى شۇ دەۋرنىڭ فونېمىسىنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمىغان بولىمىز. خەنزۇ تىلىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تەلەپپۇزى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان كۇسەن (كۇچا) نىڭ خەنزۇچە نامى « 龟兹 » نى ھەرگىزمۇ ھازىرقى امان فونېمىسىغا ئاساسەن «guizi» دەپ ئوقۇماستىن بەلكى «qiuci» دەپ، چەرچەننىڭ خەنزۇچە نامى « 且末 » نى ھازىرقى زامان فونېمىسىغا ئاساسەن «qiemo» دەپ ئوقۇماستىن، «jumo» دەپ⑮ ئوقۇساق، ئاندىن شۇ يەر نامى ۋە شۇ تىل ھەققىدە مەلۇم كۆزقاراشقا ئىگە بولالايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا يەر نامىلىرىنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىش ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىمىزنى تولۇقلىشىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بۇ قەدىمكى يەر نامىلىرىنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: ھازىر بىز «ياركەند» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتقان قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى « 莎车 » دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن ئوقۇلۇشى «sǎku ياكى sǎkɑ» بولۇپ⑮، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىچە، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى « 莎车 » ھازىرقى «يەركەند» بولماستىن، بەلكى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى سارىكۆل (sɑrikol) دۇر⑰. يەنە بىرى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان « 菇羌 » دېگەن يەر نامىنى بىز ھازىرغىچە روچياڭ دەپ ئوقۇپ «چاقىلىق» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتىمىز. ئەمما بۇ ئىككى خەتنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى «yerkɑnd» كە يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى يەنە بۇ يەر نامىنى ھازىرقى «يەركەن» نىڭ دەل ئۆزى دەپ قارايدۇ⑱. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يەر نامىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېمىسىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق شۇ يەر نامىنىڭ تىل تەركىبىنى ئېنىقلاش كېرەك. مەسىلەن: بىز «باركۆل» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ يەر نامى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە «پۇلېي» « 蒲类 » دەپ ئاتالغان بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ نامنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشىنى كۆزەتمەيلا خىلمۇ - خىل مەنىلەرنى چىقاردى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ يەر نامىنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. يەنى «پۇلېي» دېگەن بۇ ئىككى خەت قەدىمكى خەنزۇ تىلى فونېمىسىدا «buoluɑi» دەپ ئوقۇلىدۇ⑲.

**تۆتىنچى، يەر نامىلىرى تەتقىقاتىدا بەزى يەر نامىلىرىغا ئائىت رىۋايەتلەر نوقۇل ھالدا شۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەسى قىلىۋېلىندى.**

يەر نامىلىرى بىلەن رىۋايەتنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. شىنجاڭدىكى ھەر بىر يەر نامىنىڭ ئۆزىگە خاس كېلىپ چىقىش تارىخى بار، شۇنىڭدەك كۆپلىگەن يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك ياكى شۇ يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رىۋايەتلەرمۇ خېلى كۆپ. ئەمما ھەممىلا رىۋايەت شۇ بىر يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسى بولالىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانىدا ياقۇپ ئەمەتنىڭ «يەكەن دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا «يەكەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى مىلادىيە 950 - ۋە 1110 - يىللار ئەتراپىدا يەكەن دەرياسىغا زور كەلكۈن كېلىپ، يەكەن شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى، بىر كىچىك كەنتنىڭ يار لېۋىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى، كېيىنچە بۇ جاينىڭ «يار لېۋىدىكى كەنت» مەنىسىدە «ياركەند» دەپ ئاتالغانلىقىغا ئائىت رىۋايەت بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمما «ياركەند» دېگەن نام قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەردە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك « 菇羌 » «yerkɑnd» دەپ تىلغا

ئېلىنغان، بۇ هال بۇ يەر نامىنىڭ مەيدانغا كېلىش دەۋرىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سۈرىدۇ.

**بەشىنچى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا يەر ناملىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ناھايىتى چولتا، قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىسىمۇ، مەتبۇئات ئورۇنلىرى بۇنىڭغا يول قويۇۋاتىدۇ.**

يەر ناملىرى تەتقىقاتى بىزدە تېخى ئەمدىلا قولغا ئېلىنىۋاتقان پەن، شۇڭا بۇ تەتقىقاتتا خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا تولۇقلىنىدۇ. لېكىن يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا ئىلمىيلىك مەسىلىسى ھامان مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىنىۋاتقان يەر ناملىرىنىڭ مەنبەسى، تىل تەركىبى ۋە دەۋر قاتلىمى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قىلچە ئىلمىيلىكى يوق تۇرۇقلۇق مەتبۇئات ئورۇنلىرى چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيلا ئۇنى ئېلان قىلىپ كەلدى، ئۇنداق بولغاندا شۇ يەر نامىنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي ئىزاھلانغانلىقى، توغرا ياكى خاتا بولغانلىقى بىر چەتكە قايرىلىپ قېلىپ، مۇتلەقلىشىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە مەنا بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ.

**ئالتىنچى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىدا يەر ناملىرى ئىلمى ھەققىدە ئۇلگىلىك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى ياكى بۇ ھەقتە ھېچقانداق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلمىدى.**

يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال چوقۇم يەر ناملىرى ئىلمىنى چۈشىنىش كېرەك. يەر ناملىرى ئىلمى بىر خىل مۇستەقىل ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان ئىلىم. يەر ناملىرى ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى، دائىرىسى، شۇنىڭدەك ئۆز دائىرىسىگە چېتىلىدىغان پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى قاراشلار بىزدە تېخى ئومۇملاشمىدى. ئىلگىرى بىرنەچچەيلەن بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمىدۇق. يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، دەۋر قاتلىمى، تىل ئالاھىدىلىكى، تۈرلىنىشى، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتىغا ئائىت قاراشلار سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. يەر ناملىرى ۋە يەر ناملىرى ئىلمىگە ئائىت نەزەرىيىۋى قاراشلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ياكى پرىنسىپلىرى، قائىدىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزمەيلا ئۆزىمىز «قىزىقىپ» قالغان يەر ناملىرىنى ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ «تەتقىق» قىلىۋەرسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر.

ئىزاھلار

①② «بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» خەنزۇچە نەشرى 146 - بەت.
③ «ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى، 63 - بەت.
④⑭ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1997 - يىل 4 - سان، ئۇيغۇرچە 65 -، 66 -، 67 - بەتلەر.
⑤⑥ يۈ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 23 - بەت.
⑦⑪⑮ نيۇ رۇچېن «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە 124 -، 156 -، 70 - بەتلەر.
⑧⑨ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1997 - يىل 2 - سان، ئۇيغۇرچە 49 -، 50 - بەتلەر.
⑩ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان، ئۇيغۇرچە 67 - بەت.
⑫⑬ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم 243 -، 284 - بەتلەر.
⑯ شۈەنزاڭ: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› گە شەرھى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى 991 - بەت.
⑰⑱ سېن جۇڭمىيەن: «‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› نىڭ جۇغراپىيە قىسمىغا ئىزاھ»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 2 - قىسىم 328 - بەت، 1 - قىسىم 2 - بەت.
⑲ قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى: ‹باركۆل› سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1996 - يىل 4 - سان.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# تەرەققىيپەرۋەر زات — ھەيدەر سايرانى

ئىلچى سايرانى



### 1. قىسقىچە تەرجىمھالى

ھەيدەر سايرانى 1886 - يىلى تاتارىستاننىڭ ئۇفا شەھرىدە سايرانىلارنىڭ 6 - ئەۋلادى، تاتار زىيالىي ئوقۇتقۇچى مىنھاجىتتىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئۇفا شەھىرىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇفادىن قازانغا ئوقۇشقا بېرىپ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن (ئەينى چاغدا ئۇفادا پەقەت مەدرىسىلەرلا بولۇپ، پەننى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قازانغا جايلاشقانىدى). ئۇ 1905 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلغان.

1905 — 1907 - يىللاردىكى روسىيە ئىنقىلابى ئۇنىڭغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياندا قازاندا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تۈرلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىدە، ئۇ تاتار خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلار ئابدۇللا توقاي ئىشلىگەن «ئەلئىسلاھ» «يەشىن» (چاقماق)، «يالت - يۇلت» ژۇرناللىرىدىكى ماقالىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىشاتتى①.

1909 - يىلى تۇرپان ئاستانىلىق مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى قازانغا بېرىپ ھەيدەر سايرانى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خەلقىنىڭ جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرى ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇش - ئاقارتىش ئىشلىرىنى يولغا سېلىپ، خەلقنى جاھالەت ۋە زۇلمەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، مەرىپەتكە باشلاش توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ بېرىدۇ. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەيدەر سايرانى خەلقنى جاھالەت ۋە زۇلمەت تۇمانلىرىدىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ①③.

ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىر قانچە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە بىر مەزگىل ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە دىنىي مەكتەپلەر بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپى «قۇرئان» ئاساس قىلىنغان «خەت تونۇش» ئىدى. شەھەردە مىللىي تىلدىكى بىرەرمۇ يېڭىچە مەكتەپ يوق ئىدى①.

ئۈرۈمچىدە ئۇ يەنە ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق ئۆيىنى سېلىش قۇرۇلۇشىدا ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن تۆمۈر خەلپە بىلەن



تونۇشىدۇ. تۆمۈر خەلىپىنىڭ «تورپاق يىغىلىقى» ھەققىدىكى بايانلىرى ئۇنى بەك قىزىقتۇردۇ. بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ تۆمۈر خەلىپىگە 1905 - يىلى روسىيىنىڭ پېتىرگىرات شەھىرىدە يۈز بەرگەن «قانلىق يەكشەنبە» ۋەقەسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ[4].

ئۈرۈمچىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلەر ھەيدەر سايراننى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، لېكىن مەخسۇت مۇھىتى يەنىلا تۇرپان ئاستانىغا بېرىش تەلىپىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ئاستانىغا بارىدۇ ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىي مائارىپ ۋە ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلايدۇ[1].

## 2. ئاقارتىش پائالىيەتلىرى

ھەيدەر سايرانى 1909 - يىلى تۇرپان ئاستانىغا بارىدۇ. ئۇ زاماندا ئاستانىدا بىرەرمۇ يېڭىچە مەكتەپ يوق بولۇپ، ھەممەيلەن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

شۇڭلاشقا خەلقنى ئاقارتىش ۋە مەدەنىيەتكە باشلاش - يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ھە دېگەندە ئوڭۇشلۇق بولمىغان. نەتىجىدە ھەيدەر سايرانى دەسلەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭ ۋە تۇققانلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتقان[8][3].

ھەيدەر سايرانى يازنىڭ ئىسسىق چاغلىرىدا ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئەل ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ دەم ئالىدۇ[3].

1913 - يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگىنىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتى، ئۆزىنىڭ سىرداش دوستى تۆمۈر خەلىپە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەيدەر سايرانى بۇ شېھىتنىڭ نامىزىغا قاتنىشىپ، ئۆز قولى بىلەن يەرلەپ ئاستانىغا قايتىدۇ[9].

بۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئەھۋالىنى زېڭ ۋېنۋۇ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مائارىپنى گۇللەندۈرۈپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈشنى خالىمىدى. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا توسقۇنلۇق بولىدۇ، دەپ قورقتى. خەنزۇلار ئىچىدىكى ئازراقلا بىلىمى بار ئادەملەرنى بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ چەتكە قاقتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ زالىدا ياڭ زېڭشىن ئۆزى يازغان بىر مەسنەۋى (دۈيلەن) ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «جۇمھۇرىيەت چېچەكى ئەمدىلا ئېچىلدى، ئۆزەمنى بەش ئەزىمەت، يەتتە قەھرىمان دېيىشتىن خىجىل بولىمەن. جېدەل - ماجىراغا ئارىلاشمايمەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىشى بىلەن كارىم يوق. چېگرا مەھكىمىسىنىڭ مەنزىرىسى شاپتۇللۇق باغدەك ئىنتايىن گۈزەل، جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن شىمالدىكى جۇڭغارلارنى باشقۇرۇپ، گالۋاڭ باشلىقلارنى تىزگىنلەپ، يۇقىراغا ئەمىنلىك يارىتىمەن». بۇ ياڭ زېڭشىننىڭ چېگرىنى تاقىۋېلىپ، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى سىياستى ھەققىدىكى ئۆز ئىقرارنامىسى... شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى بارغانچە كەينىگە چېكىنگەنىدى[10].

ھەيدەر سايرانى مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ قىيىن شارائىتتا تۈرلۈك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قارشىلىقلارنى يېڭىپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي - تېرىكمەي ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىق - تەربىيە نەتىجىسىدە، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچى بالىلار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئاخىرى ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىكى ئىلغار زاتلارنىڭ، بولۇپمۇ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن يۆلىشى بىلەن 1913 - يىلى ئاستانا مەدرىسى يېنىغا كۆنگەيگە قارىتىپ ئەينەك دېرىزىلىك، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق سىنىپ سېلىنىدۇ[3][8][11]. ھەيدەر سايراننىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللا پەرسا شۇ چاغدا ئاستانىلىق مەلىك ھاشىمنىڭ ئوغلى، دېرىزىگە سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئەينەككە قىزىقىپ بىر پارچىسىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

قاچقاندا، قورسىقىنى كېسىۋېلىپ چوڭ غەۋغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ③⑪. بۇ مەكتەپتە تۇرپان، ئاستانا، قاراغوجا، سىڭگىم، مۇرتۇق، قاڭقى، پىچان، لۈكچۈن، تۇيوق، خاندو، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بالىلار ئوقۇيدۇ③.

مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرى ئاساسەن قازان مەكتەپلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئانا تىلى، ھېساپ، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىرى سائادەت (پەيغەمبەرلەر تارىخى)، تەنتەربىيە ۋە شېئىر قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. گەرچە مەكتەپ ئېچىلىپ ئوقۇش رەسمىي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى توختىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىلىم شىنجاڭنىڭ فېئودال كونا مەدەنىيىتى ۋە كونا ئىلىمگە قارشى ئىدى. ھەيدەر سايرانى زور تىرىشچانلىقلار بىلەن ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ⑫.

زىياڭ ۋېنىۋۇ 1935 - يىلى بۇ مەكتەپ ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: «يەنە مىنگونىڭ 9 - يىلى، تۇرپانلىق موسۇل ئاخۇنۇم (كېيىن ئۇ خوجانىيازنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولغان) قاتارلىقلار تاتارىستانلىق مۇسۇلمان خەسەن فەھمى، ھەيدەر قاتارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، مەخپىي مەكتەپ ئاچقان، ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ مەكتەپمۇ پېچەتلەنگەن»⑬.

1914 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەر ۋە بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئېيتىشىدۇ. ئۆزى ئاستانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرس ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئادەم تەكلىپ قىلغانلىقىنى مەخسۇت مۇھىتىغا ئېيتقىنىدا ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئىمكان بار ئۇلارنى ئالدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئېيتىدۇ①. چۈنكى بۇ چاغقا كەلگەندە ئاستانىدا ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپ بۇ ئەتراپتا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان بولۇپ، بىر قىسىم ئىلغار زاتلار ئۆز يۇرتلىرىدىمۇ مۇشۇنداق مەكتەپ ئېچىش نىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى، مۇمكىن بولسا، يەنە مۇئەللىم تەكلىپ قىلىش پىكىرلىرىنى ھەيدەر مۇئەللىمگە بىلدۈرۈشكەنىدى③.

1917 - يىلى ئاستانىغا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادىكى نۇرغۇن پۇللىرىنى ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كېلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشنى باھانە قىلىپ، موسكۋاغا ھەيدەر مۇئەللىمنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ③. ئۇلارنىڭ ئويىچە ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت يېڭىلىققا كۆچۈش كېرەك ئىدى. يېڭىلىققا كۆچۈش ئۈچۈن، پەقەت چەت ئەلدىن ئۆگىنىش كېرەك ئىدى③. مانا مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇلار بۇ نۆۋەت موسكۋا، قازان، ئۇفا، تاشكەنت، سېمىپالاتىن- نىسك قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭغا ئەكىلىشكە ئادەم ئىزدەيدۇ ۋە ئۇ يەرلەردىن مۇھەببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي، خىسام باۋىن، خەسەن فەھمى، ئەلى ئىبراھىم، شاھى شەرەپ قاتارلىق 6 نەپەر مۇنەۋۋەر تاتار ئوقۇتقۇچىسى- نى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار 1917 — 1919 - يىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ بولىدۇ. ئۇلارنى ئالدىن ئويلىشىلغان پىلان بويىچە، مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن ئايالى گۈلەندەم ئابىستاينى ئاستانىغا، ئەلى ئەپەندىنى تۇرپانغا، خەسەن فەھمى بىلەن شاھى شەرەپنى لۈكچۈنگە، خىسام باۋىنى گۇچۇڭغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھەيدەر سايرانىنىڭ بۇ خىل ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن تىغمۇتىغ تۇرۇپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ خەلقنى مەدەنىيەت يولىغا باشلىغان قەيسەرلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچ ۋە يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قېتىم ئۆز يۇرتىغا قايتىشى، كىشىلەر كۆڭلىدە ئۇنى يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ كەلمەي قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ يەرلىك ئورۇندىن ئۆيلەپ قويۇشقا كۆندۈرۈپ، ئاخىرى 1917 - يىلى ئاستانىلىق باھاۋۇدۇن ئاكىنىڭ قىزى ئايخان ئايلىغا ئۆيلەپ قويىدۇ③⑯. ئاستانا مەكتىپىنىڭ 1 - قارار

ئوقۇغۇچىلىرى 1917 - يىلى ئوقۇشنى تاماملايدۇ. بۇ قاراردا ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەيۇمى، مۆمىن ئەخمەت، شاۋۇدۇن ئەپەندى، مۆمىن ئىمىنهاجى، دۇگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ھەۋىدۇل توختىهاجى، ئابدۇللا پەرسا، ئاباس نەجىبى، ئەخمەت نەزەرى قاتارلىق 40 نەچچە ئوقۇغۇچى ئوقۇغانىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە بۈيۈك تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى③⑰⑳.

1917 - يىلىغا كەلگەندە ئاستانىدىكى مەكتەپ كىچىكلىك قىلىپ قالدۇ. يېڭىچە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار كۆپەيگەچكە، مەكتەپنى كېڭەيتىپ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسىنىڭ قارشىسىدىكى بوش يەرگە دېرىزىلىرىنى كۈنگەيگە قارىتىپ ئاستى - ئۈستى تاختايلىق سىنىپلار سېلىنىپ، سىنىپ ئىچى دوسكا، پارتا ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن جاھازلىنىدۇ. مەكتەپ قورۇسىدا كۆل بولۇپ، ئەتراپى دەرەخ بىلەن ئورالغانىدى. مۇھىببۇللا ئەپەندى * بىلەن ئايالى گۈلەندەم ئابىستاي * * 1918 - يىلدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپتە ھەيدەر ئەپەندى بىلەن بىرگە دەرس ئۆتۈشكە باشلايدۇ③.

1919 - يىلى 18 - دېكابىردا ھەيدەر سايرانى بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر قويىدۇ، بالا تۇغۇلۇپ 6 ئايدىن كېيىن بەختكە قارشى ئانىسى ئايخان ئايلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرنى چوڭ ئانىسى مەڭلىك قىز بىلەن ھەيدەر سايرانى ئۆزى باقىدۇ. ھەيدەر ئەپەندى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا پەرسا قارايدۇ③.

1874 - يىلى ئۈرۈمچى ياڭ خاڭدا سېلىنغان تاتار مەسچىتى يېنىدا 1912 - يىلى مەدرىسە سېلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئوقۇتۇش «ئۇسۇلى قەدىم» ئىدى. دەرسنى قازاندىن كەلگەن زىننەتۇللا مۇئەللىم بېرەتتى.

1920 - يىلىغا كەلگەندە ئۈرۈمچىدە ئۆز باللىرىنى يېڭىچە ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار كۆپەيدى. ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە مەكتەپ ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ئىشنى شۇ چاغدىكى زىيالىيلاردىن بۇرھان شەھىدى، خەسەن شاكولوف، زاكىر ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. مەكتەپكە خىسام باۋىن ئەپەندىنى گۇچۇڭدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە يېڭىچە دەرس ئۆتىدۇ. زىننەتۇللا مۇئەللىم ئۆز سىنىپىدا كونىچە دەرس ئۆتىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم بولىدۇ.

ئابدۇلھەق ھەزرەتنىڭ ئايالى گۈلەندەم ئابىستاي ئۆز قورۇسىنىڭ كوچا تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان ئۆيىدە قىز باللارغا «ئۇسۇلى قەدىم» چە دەرس بېرەتتى. بۇ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ياڭخاڭ تاتارلىرىدىن بىر ھەيئەت تەشكىللىنىدۇ، ھەيدەر سايرانى ھەيئەتنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن ئىدى㉑.

1920 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى قۇرۇلىدۇ، ھەيدەر سايرانى ئىنسپېكتورلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ①㉒. ئۇ مائارىپتىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان مەكتەپتە دەرسمۇ ئۆتىدۇ㉓. شۇنىڭ بىلەن ھەيدەر سايرانىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاستانە، قاراغوجا، لۈكچۈن، گۇچۇڭ، چۆچەكلەردە بىر يۈرۈش يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلىدۇ.

ھەيدەر سايرانىنىڭ بۇ جاپالىق ئەمگەكلىرى شۇ جايدىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ مەدھىيىلىشى ۋە ياردىمىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

بۇ چاغدا ھەيدەر سايرانىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى

* مۇھىببۇللا ئەپەندى 1923 - يىلى كېسەل بولۇپ ئاستانىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر ئاستانىدا.

* * گۈلەندەم ئابىستاي قىز باللارنى ئوقۇتىدۇ. يولدىشى دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن 1925 - يىلى ئوغلى فاتىخ، قىزى فاتىمانى ئېلىپ چۆچەككە كۆچۈپ بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ.

بولمايدۇ، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ 12 بارماق ئۈچەي يارىسىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى داۋالانغاچ دەم ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1921 ـ يىلى هۆكۈمەتنىڭ ماپاڭ (تولى) يايلىقىدىكى مىلى بار جايغا بېرىپ داۋالانغاچ ئەهۋال ئىگىلەپ، موپاڭدا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

1926 ـ يىلى هەيدەر سايرانى زەينەپ بانۇخانىم بىلەن يەنە ماپاڭغا بېرىپ تۇرىدۇ ۋە هەر ئىككىسى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1930 ـ يىللاردىن كېيىن ماپاڭدىكى مەكتەپتە غەلى ئابزىنىڭ ئايالى گۈلسۇم ئابىستاي ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

1925 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچى ياڭخاڭ تاتار مەكتىپىدە رۇس تىلى ئۆتۈلۈشكە باشلايدۇ. دەرسنى كرەشىن ئالمېتوف بېرىدۇ.

1928 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچى ياڭخاڭ تاتار مەكتىپىدە يەنە خەنزۇ تىلى ئۆتۈلۈشكە باشلايدۇ. دەرسنى يۇنۇسبەگ (يۇ ۋېنبىڭ، ياڭ زېڭشىن ئاچقان هۆكۈمەت شۆتاڭدا ئوقۇغان) بېرىدۇ. 1934 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇ قەشقەرگە ۋالىي بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، خەنزۇچە دەرسنى غۇلجىدىن كەلگەن ئىبراهىم شاهماي بېرىدۇ.

1931 ـ يىلدىن كېيىن رۇس تىلىنى كونسولستىۋانىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاننا نىكفىرووۋنا بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شابالا (رۇس) بېرىدۇ. 1930 ـ يىلى ئەلى ئىبراهىم ئالتايدىن بۇ مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ دەسلەپ هەيدەر سايرانىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا تۇرىدۇ. كېيىن ياڭخاڭ مەسچىتى كەينىدىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ㉑.

ئۈرۈمچى ياڭخاڭ تاتار مەسچىتىدە قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك تېز تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭدا ئۆتۈلگەن دەرسلەر قازان مەكتەپلىرىدە ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە ئوخشاش بولۇشتىن تاشقىرى يەنە خەنزۇ، رۇس تىللىرىنىڭ ئۆتۈلۈشى بىر ئوچۇم يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ بېسىم ئىشلەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ مەكتەپ بۇنداق تېز تەرەققىياتنىڭ هۆددىسىدىن چىقالماي قېلىۋاتاتتى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچىدىكى مىرسالجانباي (ئۆزبەك): مەن قېرىپ قالدىم، هەج تاۋاپ قىلالمىدىم، يەتتە يەرگە مەسچىت سالسا، هەج قىلغانغا تەڭ بولىدىكەن، دەپ ئۈرۈمچى (ئۈچتاشتا)، تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا مەسچىت سالدۇرىدۇ. هەيدەر سايرانى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇرهان شەهىدى، تېمىرغەلى ئىسخاقوف، غەلى ئىبراهىم قاتارلىق ئىلغار زاتلارنى باشلاپ، مىرسالجانباينىڭكىگە بېرىپ: مەكتەپ سېلىپ ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەش، مەسچىت سالغاندىنمۇ ساۋاپلىق بولىدۇ، دەپ خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ. نەتىجىدە مىرسالجانباي، ئۆزىنىڭ مويكا (ياڭ ماۋخۇ) دىكى قورۇسىنى مەكتەپ ئۈچۈن ئىئانە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسچىت ئىچىدىكى يېڭىچە مەكتەپ مىرسالجانباينىڭ مويكىدىكى قورۇسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. «ئۇسۇلى قەدىم» چە مەكتەپ مەسچىت ئىچىدە قېلىۋېرىدۇ.

كېيىنكى كۈنلۈكتە مىرسالجانباينىڭ مەكتەپ ئۈچۈن بەرگەن قورۇسىنىڭ داۋاسى چىقىپ قېلىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە، مەكتەپ باشقۇرۇش هەيئىتى بىر چوڭ تاختىغا مىرسالجانبايغا خەنزۇچە مەدهىيە يېزىپ، ئاستىغا هەيدەر سايرانى قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنىڭ قولىنى قويدۇرۇپ، سەنلاۋيېنىڭ * تەستىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە ياڭخاڭ رايونىدىكى هەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىنى مىرسالجانباينىڭ قورۇسىغا يىغىپ، مەكتەپ باللىرىنىمۇ تىزىلدۇرۇپ ئەكىلىپ، مىرسالجانباينىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى مەدهىيىلەپ مەكتەپ باللىرى دىكلاماتسىيىلەر ئوقۇپ ۋە خور ئېيتىپ، ئاخىرى مەدهىيە تاختىسىنى مىرسالجانباينىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئاسىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىئانە قىلىنغان مەكتەپ قورۇسى

* سەنلاۋيې — شۇ زاماندا هۆكۈمەت ياڭ خاڭ رايوننى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىپ قويغان ئادەمنى خەلق شۇنداق ئاتايتتى.

ئۇنىڭ ئۆزنى هازىرقى 3 ـ دوختۇرخانا ئورنىدا ئىدى.

قانۇنلاشتۇرۇلدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ھەيدەر سايرانىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتەتتى. يىرتىلىپ كەتكەن، نىپىزلەپ تاشلىرى قالمىغان كىتابلارنى ھەيدەر سايرانى، رەخمىتۇللا مەخسۇم دەرۋازىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى دۇكاننى ئاچقان بىر رۇسقا تۇپلىتىپ تولۇقلاپ تۇردۇ[21].

شېڭ شىسەي ھەيدەر ئەپەندىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قىرائەتخانىدىكى بارلىق كىتاپلار مۇسادىرە قىلىنغان. يېقىندا (1998 ـ يىلى) مۇشۇ كىتابلاردىن بىرسىنى «دادىڭىزنىڭ كىتابى ئىكەن» دەپ ماڭا ئەكىلىپ بەردى، دەيدۇ ئۇيغۇر سايرانى. دېمەك بۇ كىتابلار تارقىلىپ كەتكەن.

ھەيدەر سايرانى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. تېمىرغەلى ئىسھاقوف خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. زاكىر ئابدىشېف خوجىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. مەكتەپ خىراجىتىنى ياڭخاڭلىقلار چىقىرىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئۇرۇمچىدىكى تاتار، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيتتى. مەكتەپ ئىلغار بولغاچقا، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى[32].

1936 ـ يىلغا كەلگەندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «سىنىپى 6 دىن، ئوقۇتقۇچىسى 10 دىن ئاشقان مەكتەپلەرنى، مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، خىراجىتىگە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ» دېگەن قارارىغا ئاساسەن، بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتۈپ، ئۇرۇمچىدىكى مەشھۇر 6 ـ مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئەسخەت ئىسھاقوف، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەرخانبابا، نۇسرەت شەھىدى، مەرغۇپ ئىسھاقوف، رەقىپ ئابباس، ئەنۋەر ئىنكىيېف، مالىك غىمادى، ھامۇت خوجا، توقتاروف (قىرغىز)، سېيىت ھاسىلوۋ قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى ئىلغار زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ چىقىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تۈرلۈك سەپلىرىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى[32].

1933 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى مائارىپ نازارىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىش ئارقىلىق شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ھەيدەر سايرانى باللارنى تيەنجىن ئارقىلىق غەرپ ئەللىرىگە چىقىرىش قارارىغا كېلىدۇ ۋە بىر قىسىم باللارنى يىغىپ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە تەشكىللەيدۇ. ئېنگلىزچە دەرسنى روسوف بېرىدۇ. بۇ ئۆگىنىشكە ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەرخانبابا، ئەسخەت ئىسھاقوف، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىقلار قاتنىشىدۇ.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، غەرب ئەللىرىگە ئوقۇشقا چىقىرىشتىن ۋاز كېچىپ، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ[21].

1934 ـ يىلى ئەتىيازدا ھەيدەر سايرانى دوختۇرلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كافكازدىكى «كىسلاۋۇدسكى» ساناتورىيىسىگە بېرىپ 3 ئاي داۋالىنىپ، سالامەتلىكى خېلى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، موسكۋا، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭدىن ئوقۇشقا بالا چىقارسا، ئۇ باللارنى نەدە ۋە قانداق ئوقۇتۇش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇھەقتە ھۆكۈمەتكە ئۆز تەكلىپىنى بەرگەن، شۇنداقلا مېڭىش ئالدىدا بەزى زىيالىيلار ئۆز باللىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش ئارزۇلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشنى ئۆتۈنگەنىدى[1].

ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بۇ تەكلىپىنى قايتا ـ قايتا بېرىدۇ. ئاخىرى خوجانىياز ھاجى قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، شۇ يىلى (1934 ـ يىلى) ھۆكۈمەت بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئوقۇغۇچى چىقىرىپ ئوقۇتۇش كېلىشىمىنى تۈزىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ ئۆيگە ئىنتايىن خۇش بولۇپ قايتقانىدى، دەپ ئەسلەيدۇ زەينەپ سايرانىيە.

1934 ـ يىلى ھۆكۈمەت ئوتتۇرا ئاسىياغا

www.uyghurkitap.com

ئوقۇشقا چىقارغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تۇرپان ئاستانە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بالىلاردىن ئون سەككىز نەپىرى بار ئىدى.⑰

1934 ـ يىل 12 ـ ئايدا ھەيدەر سايرانى ھۆكۈمەت رۇخستى بىلەن ئوغلى ئۇيغۇرنى، ئەنۋەرخانبابا، ئەسخەت ئىسھاقوف، نۇسرەت شەھىدىلەر بىلەن بىللە ئۆز ئىقتىسادى بىلەن موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بىلەن يەنە 4 خەنزۇ بالىسىنىمۇ بىللە ئوقۇشقا چىقىرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى شۇ يۈ جېن ( 徐毓禎 ) دېگەن قىز ئىدى.

### 3. ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى

ھەيدەر سايرانى شىنجاڭدا مائارىپ ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، كەڭ دائىرىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئىستىبدات ھۆكۈمەتنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ئاشىدۇ.

ھەيدەر سايرانى 1920 ـ يىللاردىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان گېزىتلەرنى ئالدۇرۇپ تارقىتىدۇ. بۇ ھەقتە 1950 ـ يىللىرى قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قىرائەتخانىسىدا ئىشلىگەن سابىرجان شاكىرجانوف * 1920 ـ 30 ـ يىللىرى ئالمۇتا ۋە تاشكەنتلەردە چىقىدىغان «كەمبەغەللەر ئاۋازى» ۋە «قۇتۇلۇش» قاتارلىق گېزىتلەرنى ھەيدەر سايرانى شىنجاڭدا تارقاتقانىدى، دەيدۇ.㉑

زىبۇ ۋىنۇۋ 1935 ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلدۇرغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق ئەسەرىدە «قۇتۇلۇش» گېزىتىنىڭ فوتو سۈرىتىنى بېرىدۇ.

1922 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە مەخپىي تەشكىللەنگەن ئىلغار ياشلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىدۇ. بۇ تەشكىلاتتا بۇرھان شەھىدى، لۈكچۈنلۈك تاھىربەگ، تۇرپان ئاستانىلىق مەخسۇت مۇھىتى، قەشقەرلىك كېرەم چوڭ ھاجى، بايلىق ئايۇپ، تۇرپانلىق يۇنۇسبەگ، ئالتايلىق شەرىپقانلار بار ئىدى.㊲

1925 ـ يىلى ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىدە بۇرھان شەھىدىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ بانۇ بىلەن توي قىلىدۇ ۋە ئاستانىدىن ئوغلى ئۇيغۇرنى يېنىغا ئالدۇرىدۇ①.

ھەيدەر سايرانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر قويۇشىدا تۆۋەندىكىدەك ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى:

ئۇيغۇرلار دەسلەپ شامان (قامان) دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقات قىلغان. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 100 يىل داۋامىدا مانى دىنى يېتەكچى دىن سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن.

شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ساكلار، كۇشانلار مىلادىيىدىن ئاۋاللا بۇددىزىمنى قوبۇل قىلغان. بۇددا دىنى دەسلەپتە خوتەندە ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا تارقالغان. كېيىنرەك كۇچا، قەشقەر، تۇرپانلارغا تارقالغان... كۇچا ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردىلا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان... كۇچانىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى سەلتەنىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى شەھەرلەرگە يۆتكەلگەن... بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەردىكى تەرەققىياتى كۇچانىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن㉚.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى (866 — 1396) ۋە قاراخانىيلار دۆلىتى (915 — 1141) تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىدە بۇددىزىم ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى ۋە دۆلەت دىنى ھېسابلىناتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىدە بولسا، ئىسلام دىنى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى ۋە دۆلەت دىنى ھېسابلىناتتى. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى تۈپەيلى «ئۇيغۇر» دېگەن نام

* سابىرجان شاكىرجانوف 1918 ـ يىلى ئالمۇتىدا چىقىدىغان «يەتتە سۇ ئىشچى خەلق مۇخبىرى» گېزىتىنىڭ تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن «كۆمەك»، «ئۇچقۇن»، «يۇقرا» گېزىتلىرىدە ئىشلىگەن. 1922 ـ يىلدىن باشلاپ ئالمۇتىدا چىقىشقا باشلىغان «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئىشلىگەن. 1950 ـ يىللاردا قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىشلىگەن㉕.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمىغۇچىلار، يەنى «كاپىر» دېگەن ئۇقۇم بىلەن باراۋەر بولۇپ كەلدى. بۇ خىل ئۇقۇمنى مەھمۇت قەشقەرى قوچۇ (ئىدىقۇت) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالغىنىدا: «ئۇيغۇر» — بىر ئەلنىڭ ئىسمى، . . . ئۇنىڭ خەلقى ئەشەددى كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر㉛ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەنە: «مۇسۇلمان بولمىغان تۈركىي خەلقلەر» ياكى «ئۇيغۇر كاپىرلىرى» ۋە ياكى «تاتلار» نامى ئاستىدىكى بۇدداغا ئېتىقات قىلغۇچى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا دىنىي توقۇنۇشلارنىڭ بولۇپ كەلگەنلىكىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

1396 - يىلى خىزىرخوجا ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويىدۇ. ئۇ مەن «ئۇيغۇر» دېگۈچىلەرنى «مۇسۇلمان» دېيىشكە مەجبۇرلايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن XV، XVI ئەسىرلەردىن كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئورنىغا «مۇسۇلمان» دېگەن دىنىي نام، شۇنداقلا تۇرپانلىق، قەشقەرلىك. . . دېگەن تېررىتورىيىلىكناملار قوللىنىلغان. تارىخىي مەنبەلەردىكى «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى ئاساسەن XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تارىخىي دەۋردىلا يوقالدى. شۇ دەۋردىن كېيىنكى يەنى XVII، XVIII ئەسىرلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمان، خۇيمىن ( 回民 )، چەنخۇي ( 缠回 )، چەنتۇ ( 缠头 )، سارت (سودىگەر)، قەشقەرلىك، خوتەنلىك، تۇرپانلىق، تارانچى دېگەن ئىسىملار قوللىنىپ كېتىلگەن.

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئەتراپىدا خەلقئارادا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بىر پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللىنىش ھەققىدىكى تەلەپلەر پەيدا بولدى. شىنجاڭدا ھەيدەر سايرانى باشلىق بىر قىسىم زىيالىيلار بۇ ھەقتە تەشۋىق ئېلىپ باردۇ. ئۇلار چۆچەكتە چىقىدىغان «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە بۇ ھەقتە ماقالىلار ئېلان قىلىدۇ.

«ئۇيغۇر» دېگەن نام، 1921 - يىلى تاشكەنتتە ئېچىلغان سوۋېت ئۇيغۇر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئومۇمىي خەلق نامى سۈپىتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. شىنجاڭدا بولسا 1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى رەسمىي قارار ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق نامى سۈپىتىدە رەسمىي قوبۇل قىلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ھەيدەر سايرانى بۇ ئىشنى خەلقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە، تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئىسمىنى «ئۇيغۇر» قويىدۇ①.

1928 - يىلى ئۇرۇمچىدە ھەسەن دولانىنىڭ مېيتنامىزىدا ھەيدەر ئەپەندى قەبرىستاندا تۆمۈر خەلىپىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۇنلۇك قىرائەت قىلىۋاتقان بىر ناتونۇش ئادەمنى بايقاپ قالىدۇ.

بۇ كىمكىن ھە؟ . . . دېگەن خىياللار بىلەن ھېلىقى ناتونۇش كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. . . «خاتالاشمىسام، سىز قۇمۇل ياقتىن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن، تۆمۈرخەلىپىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولامسىز؟»- دېدى. ناتونۇش كىشى سەل ئېھتىيات قىلغاندەك جاۋاپ بەرمەي تۇرۇۋالدى، ھەيدەر ئەپەندى داۋام قىلىپ «خاتىرجەم بولۇڭ، مەرھۇم تۆمۈرخەلىپىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىككە قويغان، بۇ قەبرىنىمۇ ئۆزەم ئۈستىدە تۇرۇپ قاتۇرغان، مېنىڭ ئىسمىم ھەيدەر، ئۆزۈم مۇئەللىم» دېدى. . . ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي، غۇلچىنى كەڭ يېيىپ، ھەيدەر ئەپەندىنى قۇچاقلىدى «خوجانىياز پالۋانمۇسىز؟!»-دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ھەيدەر ئەپەندى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى كۆكسىگە بېسىپ.

ھەيدەر سايرانى خوجانىياز ھاجى بىلەن مانا مۇشۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ تونۇشىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەت يوللىرىنى چۈشەندۈرىدۇ⑨. 1929 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەيدەر سايرانى شىنجاڭ مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، جىددىي خىزمەت قىلىدۇ㉝.

1931 - يىلى ئەتىيازدا قۇمۇل تاغلىرىدا يەنە قاتتىق گۈلدۈرماما باشلىنىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۈتۈن قۇمۇل ئاسمىنىنى غەزەپ چاقماقلىرى قاپلاپ كەتتى. ھەيدەر سايرانى بۇنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئوبدان پەيتى، دەپ ھېسابلاپ، قەشقەر، تۇرپان، لۈكچۈن، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى تەشكىلات ئەزالىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى جاۋ دېشۇ، تاۋ مىڭيۆ قاتارلىق ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ㉞.

تەشكىلات ئەزالىرى ئۈرۈمچىدە ئۇچرىشىپ، چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىشاتتى ۋە خەۋەرلەرنى ھەرقايسى ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە نىغمەت خەلپەت* مۇنداق ئەسلەيدۇ: «تاھىر بەگ ھەيدەر ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىنى دائىم يەتكۈزۈپ تۇراتتى»㉑.

ھەيدەر سايرانى قۇمۇل قوزغىلىڭىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ نىغمەت خەلپەت مۇنداق دەيدۇ: «ھەيدەر ئەپەندى يېقىن تاغ يوللىرىدىن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۈرۈمچىدىكى خەۋەرلەرنى ۋە ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىققان ئەسكەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرىنىڭ سانىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ قورال - ياراغ قاچىلانغان هارۋىلارنى توپ مال دەپ، ئەسكەرلەرنى بولسا سەرەڭگە ئەۋەتتۇق دەپ خەۋەر قىلاتتى. بۇ خەۋەرلەر قۇمۇلغا ئەسكەرلەردىن بالدۇر يەتكەنلىكتىن، تەييارلىقلار ياخشى بولۇپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلەتتى. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئاق ئورۇس ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى مېزگىن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشىدا: «قۇمۇللۇقلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ قورسىقىدىكى بالىلىرىغىچە قىرىپ تۈگىتىمەن» دەپ ۋەدە بېرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۈرۈمچى خەلقى قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ھەيدەر سايرانى ئۇنىڭ يولغا چىققىنىنى قۇمۇلغا يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا يولدا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ، مېزگىن قۇمۇلغا يېتىپ بارمايلا يولدا ئۆلۈۋالىدۇ㉑.

1932 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەييارلىق ئىشلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ھەرىكەتنى تېزلىتىدۇ ۋە 11 - ئايدا تۇرپاندىكى سىڭگىمگە بېرىپ، شۇ يەردىكى دېھقانلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ㉟.

ھەيدەر سايرانى قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بولغان خوجا نىيازھاجى، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق زاتلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە ئۇيۇشتۇرىدۇ، نۇرغۇن تەشكىلىي ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ھەيدەر سايرانى يەنە خەۋپ ئاستىدا قالغان تەشكىلات ئەزالىرى ۋە ئىلغار ياشلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

1932 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى شەرىپقاننى قولغا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان، شەرىپقاننى ئالتايغا قاچۇرۇۋېتىدۇ㊱.

1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ، ھەيدەر سايرانى ئۇيۇشما تەركىۋىدىكى نەشرىيات باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە زور ئەمگەك سىڭدۇرۇشى بىلەن، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ھەپتىلىك گېزىت — «يېڭى شىنجاڭ» نىڭ 1 - سانى 1935 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ.

شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بىرىنچى

* نىغمەت خەلپەت — تۇرپان ئاستانىلىق ئادەم. ئاستانىدا ئۇنى نەمەت خەلپەت دەپ ئاتىشىدۇ. دەسلەپ مەھمۇت سىجاڭنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان، قەشقەردىن خوجانىيازھاجى چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي تەشكىللىگەن ھۆكۈمەتنىڭ گېنېرال مايور (شياۋجاڭ) دەرىجىلىك ئەزاسى بولغان.

نومۇرلۇق غالچىسى بولۇپ، قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان چاغلىرىدىلا ھەيدەر سايرانىنىڭ ئىسمىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، جاللات قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار زاتلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىغاندا، ھەيدەر سايرانى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن چۆچەككە بېرىپ خىسام باۋىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. 1938 - يىلى ئاپرېل ئۇ شۇ يەردە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ①.

1938 - يىلى كانكولدا قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر سايرانى ئوقۇشقا قايتا ئەۋەتىلمەي ساۋەن ناھىيىسىگە پالىنىدۇ.

1940 - يىلى ھەيدەر سايرانىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئائىلە بالا - چاقىلىرى بىلەن دېكابىرنىڭ 40 گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇقىدا، قارا ماشىنىدا سۈيدۈڭدىكى كۈرەگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ①.

1944 - يىلى ھەيدەر سايرانىنىڭ ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيدىغان ئوغلى رۇستەم سايرانى، ئىدىيىدە ئىلغار بولۇپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارشى شېئىر ۋە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ رەھبەرلىرى دەپ قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە بەدىنىگە قۇمۇش مىخ قېقىش، داغماللاش قاتارلىق قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇ تۈرمىدىمۇ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىدۇ. قىيناشلاردا «ئىنتېرناتسىئونال» نى ئېيتىپ تۇرۇپ 17 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنگە قىلچىمۇ تىز پۈكمەي كۈرەش قىلغان قەيسەرلىكى، شۇ چاغدا تۈرمە ئىچى - سىرتىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغايدۇ㊶㊷.

ھەيدەر سايرانى 1943 - يىلى 57 يېشىدا چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلار بىلەن بىر قاتاردا ئۈرۈمچىدە جاللات جادۇسىغا بېسىلىدۇ. ئائىلىدىكىلىرى 1945 - يىلى شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنلا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. ھەممە جەسىدىنى ئىزدەيدۇ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. جىق سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ھەيدەر ئەپەندى بىلەن بىللە 8 ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ بىر يەرگە كۆمۈلگەنلىكى، بۇ ئىشنى ساقچى باشلىقى ليۇ بىندىنىڭ بىجىرگەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ. بىراق، 1944 - يىلى ليۇ بىندىنىڭ غۇلجىدا ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ يىپ ئۇچىمۇ ئۈزۈلىدۇ.

گەرچە ئۇ دۈشمەن قولىدا ۋاقىتسىز قۇربان بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىشلىرى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ روھى خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① زەينەپ سايرانىيە خاتىرىسى.
② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن» 1 - قىسىم 34 - بەت.
③ ئابدۇللا پەرسا خاتىرىسى (ئابدۇللا پەرسا، ھەيدەر سايرانىنىڭ 1 - قارار ئوقۇغۇچىسى، بۇ ئەھۋاللارنى ئۇ 1993 - يىلى 7 - ئىيۇن ئاستانىدىكى ئۆز ئۆيىدە سۆزلەپ بەرگەن).
④ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» 45 - بەت.
⑤ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1984 - يىل 15 - مارت سانى.
⑧ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 20 - قىسىم 109 - بەت.
⑨ ئابدىرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن» 1 - قىسىم 45 -، 48 - بەتلەر.
⑩ زېڭ ۋېنۋۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 696 - بەت.
⑪ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 13 - قىسىم 105 - بەت.

www.uyghurkitap.com

⑫ مۇقىت شېرىپ خاتىرىسى (موقىت شېرىپ، 1934 ـ 1940 ـ يىللار ئاستانىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان 1953 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققىچە مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان، بۇ ئەھۋالنى 1999 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇن سۆزلەپ بەرگەن).
⑬ زېڭ ۋېنۇۋ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 704 ـ بەت.
⑯ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 28 ـ سان 107 ـ، 108 ـ بەتلەر.
⑰ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 13 ـ سان 109 ـ بەت.
⑳ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 20 ـ سان 111 ـ بەت.
㉑ ئۇيغۇر سايرانى خاتىرىسى.
㉒ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 10 ـ قىسىم 311 ـ بەت.
㉓ ئابدىرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن» 1 ـ قىسىم 28 ـ بەت.
㉔ زېڭ ۋېنۇۋ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 704 ـ، 706 ـ بەتلەر.
㉕ مۇنىر ئېرزىن. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، قازاقىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا دەرس بەرگەن.
㉖ زېڭ ۋېنۇۋ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 705 ـ، 706 ـ بەتلەر.
㉚ «چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 227 ـ بەت 1985 ـ يىل، رۇسچە.
㉛ مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1 ـ توم 151 ـ، 152 ـ بەتلەر.
㉜ ئىبراھىم مۇتىئى.
㉝ بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 309 ـ بەت.
㉞ بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 324 ـ بەت.
㉟ بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 310 ـ بەت.
㊱ بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 316 ـ بەت.
㊲ بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 307 ـ بەت.
㊶ بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 592 ـ بەت.
㊷ ئابلاق ئەپەندى (ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارىتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان خادىمى. رۇستەم سايرانى بىلەن بىر تۇرمىدە ياتقان)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 43 ـ بەتتە)
ھەم مول بۇددىزم ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە ئىگە بولالايدۇ. قەدىمىي ھەرەك بۇددىزم تېكىستلىرى خوتەن پروزىلىرى ۋە شېئىرلىرىدا قايتا بايان قىلىنغان. ئۆچىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىشتە مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خوتەن يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى ھېلىھەم كەڭ ھەم چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ۋەھالەنكى بۇ يادىكارلىقلار توغرىسىدا بىز تېخى ئەمدىلا بىرقەدەر كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. ئۇلار ئۇستىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىن يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلىشىدە گەپ يوق.

ئىنگلىزچە «خوتەن تېكىستلىرى» نىڭ 4 ـ تومىدىن
تەرجىمە قىلغۇچى: دىلمۇرات مەھمۇت

# 4 § . ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىش

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

جۇڭغارلار گۈللەنگەن چاغدا ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەخمەت بىلەن ئۇنىڭ بۇرھانىدىن ۋە خوجاجاھان دېگەن ئىككى ئوغلىنى ئىلىغا ئەكىلىپ نەزەربەند قىلىپ قويغانىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى. ئامۇرسانا ئۆزگىرىشى ۋاقتىدا خوجاجاھان ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تاغنىڭ جەنۇبىغا كىرىشكە كۈچى يەتمەيدۇ دەپ خام خىيال قىلىپ، مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلغانىدى. چىڭ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشقا چاقىردى، ئەكسىچە ئۇلار ئەلچىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قايتىدىن زور قوشۇن ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىش ھەمدە زېمىنىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تۆۋەندە رېتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشى

دەسلەپ غالدان ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان چاغدا يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتى ئەۋلادلىرىدىن بولغان خانلار ۋە ئىسلام دىنى رەھبەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئىلىغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋالدى. ئۇيغۇرلار زېمىنىدا ئەمەلدار تەيىنلەپ، ئىجارە ۋە باج يىغدى، ئالۋان - ياساق سالدى، يەنە ئۇلارنىڭ دىنىي ماجىرالىرىغا كۆپ قېتىم ئارىلاشتى. غالدان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلىدا گۆرۈدە تۇتۇپ تۇرغان ئىسلام دىنى رەھبىرى ئابدۇرېشىت (دەسلەپ قەشقەرگە كىرگەن يۈسۈپنىڭ نەۋرىسى) ئۆزلۈكىدىن قېچىپ چىقىپ تەسلىم بولدى. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شېڭزۇ ئۇنى چوڭ ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدى، ئەمەلدار ئەۋەتىپ، ئۇنى قۇمۇلغىچە ئۇزىتىپ، ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ قويدى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەت جۇڭغارلارنىڭ ئارىلىشىشىغا چىدىماي، ياركەنتنى ئىگىلەپ مۇستەقىل بولدى. جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى سېۋەن ئاروبدۇن قايتىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇتقۇن قىلىپ، ئىلىدا نەزەربەنت قىلىپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بۇرھانىدىن بىلەن خوجاجاھاننى ئۇيغۇرلارنىڭ بوزيەر ئېچىشى ۋە باج تاپشۇرۇشىنى نازارەت قىلىشقا قويدى (بۇرھانىدىن بىلەن خوجاجاھان ئۆز ۋاقتىدا چوڭ خوجا ۋە كىچىك خوجا دەپ ئاتالدى). شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى داۋاچى خان بولدى. جۇڭغارلار ئىچىدە ئىچكى ماجىرا يۈز بەردى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قاراتاغلىقلار پىرقىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، جۇڭغارلارنىڭ بۇ يەرنى ساقلاپ تۇرغان ئەسكەرلىرىنى تامام قوغلىدى، يەنە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مىنگودىن 157 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 20 - يىلى) يازدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىنى تىنچىتتى، چوڭ - كىچىك خوجىلار ئەسلى ئاق تاغلىقلاردىن بولغاچقا، چوڭ خوجا بۇرھانىدىننى بوشىتىپ، ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى، كىچىك خوجا خوجاجاھاننى ئىززەت بىلەن ئىلىدا ئېلىپ قېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇشقا قويدى. ئىككى يىلدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىنى قايتا تىنچىتىپ، غەلىبە ھەيۋىسىدىن



پايدىلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بېقىندۇرۇشنى ئويلاپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئەل بولۇشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىچىك خوجىمۇ ئىلىدىن قېچىپ بېرىپ، ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە زور ئىشلار ۋە مۇستەقىل بولۇشنىڭ پايدا - زىيىنى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. چوڭ خوجا دەسلەپتە جۇڭغارغا بېقىنىش ئويىدا بولدى؛ كىچىك خوجا ئۆزى ئىلىدىكى چاغدا ئامۇر سانانىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىگە ياردەم قىلغانلىقى ھەمدە يەنە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارلارنى ئەمدىلا تىنچىتقاچقا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى قولغا كىرگۈزۈشكە كۈچى يەتمەيدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن، مۇستەقىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. چوڭ خوجا ئاخىرى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن ئەل جامائەتنى يىغىپ، مۇستەقىللىق مۇراسىمى ئۆتكۈزدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى شەھەرلەرگە پەرمان يەتكۈزۈپ، كۈچلۈك مۇداپىئەدە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇيغۇرلاردىن نەچچە يۈزمىڭ ئاما بەس - بەستە بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. پەقەت كۇچانىڭ باشلىقى ھادى كىچىك خوجىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلگەنلىكى ھەمدە جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ كۈچىيۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۈشمەنگە سەل قاراشقا بولمايدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، كۇچاغا كەلگۈلۈك ھەممىدىن ئاۋۋال كېلىپ، ئالدى بىلەن پالاكەتكە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يېقىنلىرىنى ئېلىپ ئىلىغا قېچىپ كەلدى. خوجاجاھان ھادىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈردى، ئابدۇللانى كۇچانى ساقلاشقا قويدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قايتىدىن ئامىنتۇنى ئۇيغۇرلارنى ئەل بولۇشقا چاقىرىش ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتتى، ھادى بىلەن بىرلىكتە 2000 كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇننى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇيغۇرلار ئامىنتۇنى ھىيلە بىلەن ئالداپ ئۆلتۈردى. ھادى بىلەن مۇھاپىزەتچى قوشۇن قېچىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەل قىلىش مەسلىھەتى يوققا چىقتى، ئەسكەر ئىشلىتىپ جازا يۈرۈشى قىلىپ تازىلاشقا توغرا كەلدى.

**2. كۇچا ئۇرۇشى** چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۇتۇڭ يارخاشەننى ئاسىيلارنى تىنچىتىش سانغۇنى قىلدى، ئۇ مىنگودىن 154 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 23 - يىلى) 5 - ئايدا ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ، تۇرپاندىن يولغا چىقىپ، كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللا شەھەردە تۇرۇپ قوغداندى. ھادى ئەسلىدە كۇچادا تۇرغاچقا، ئۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ئەھۋالىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇمۇ بۇ چاغدا قوشۇن ئىچىدە ئىدى، شۇڭا ئۇ: زور قوشۇن شەھەر سىرتىدىكى دەرەخزارلىقنى ئىگىلەپ، ئۇزۇن شوتىلارنى ئىشلىتىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك، سۇ ئېقىنلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ قامال قىلىش كېرەك، دەپ پىلان كۆرسەتتى. دۈشمەن تەرەپكە جەزمەن ياردەم بەرگۈچى قوشۇن تېزلىكتە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئۇ يەنە پىلان كۆرسىتىپ، «شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىي كورلا (بۈگۈنكى ناھىيە ئورنى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)، قاراشەھەرگە تۇتىشىدۇ، غەمدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؛ شىمالى سايرامغا تۇتىشىدۇ، سارى دالان، ئېسىكباش داۋانلىرى بار، يارامىلىق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ تاش بىلەن ئېتىۋېتىشكە بولىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ياردەمگە كەلگۈچىلەر بۇ يەردىن كېلەلمەيدۇ؛ توخېدىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا توملۇق دېگەن جاي بار. بۇ جاي سايرام ۋە بايدىن ئىبارەت ئىككى شەھەرگە تۇتىشىدۇ، بۇ دۈشمەننىڭ ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇنى جەزمەن ئۆتىدىغان يول. شۇڭا ئەسكەر ئەۋەتىپ بۇ جاينى قوغداش لازىم» دېدى. دەرۋەقە چوڭ - كىچىك خوجىلار نەچچە مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ چوڭ چۆللۈكتىن ئۆتۈپ ئۇدۇللاپ يېقىن يول ئارقىلىق ياردەمگە كەلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئالدىدىن چىقىپ جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قايتا - قايتا قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، چوڭ - كىچىك خوجىلار قالغان ئادەملىرىنى يىغىپ كۇچا شەھىرىگە كىرىپ بېكىنىۋالدى. ھادى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ھەرگىزمۇ خەتەر ئاستىدا قالغان شەھەردە قامىلىپ ياتماي، جەزمەن بىزنىڭ بىخۇتلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىدىغانلىقى، قايتىپ كەتسە، يېڭىش تەس بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، يەنە «شەھەرنىڭ غەربىدىكى

ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى تېيىز، كېچىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ؛ يەنە شىمالىي تاغ ئېغىزى مۇھىم ئۆتكەل يول، ئاقسۇ چۆللۈكىگە تۇتىشىدۇ؛ ئەگەر ئىككى يولغا 1000 دىن پىستىرما ئەسكەر قويۇلسا، ئوغرىلارنىڭ باشلىقىنى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ» دەپ پىلان كۆرسەتتى. يارخاشەن كۆن بويى هاراق ئىچىش ۋە شاخمات ئويناش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ پىلانىغا قۇلاق سالمىدى، يەنە ئېھتىيات تەدبىرلىرى قوللانمىدى. دەرۋەقە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار دېگەندەك 400 ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، بىلىندۇرمەي غەربىي قوۋۇقتىن چىقىپ، شىمالىي تاغ ئېغىزى ئارقىلىق قېچىپ كەتتى. 8 ـ ئايغا كەلگەندە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئابدۇللامۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ قېچىپ كەتتى، قالغانلىرى شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. بۇ جەڭدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن، غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر شەھەرگە قورشاپ هۇجۇم قىلدى، ئەمما قاراپ تۇرۇپ دۈشمەن باشلىقىنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىشىگە يول قويدى، نەتىجىدە پەقەت بىر بوش قالغان شەھەرگىلا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى غەزەپكە كېلىپ، يارخاشەن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇنلارنى ئۆلتۈردى. جاۋخۇيغا قوشۇن يۆتكەپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

**3. قاراسۇ ئۇرۇشى** ئالدى بىلەن، كۇچانىڭ غەربىدىكى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان شەھەرلىرى خوجىلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، هەممىسى ئارىسالدا بولۇپ قالدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار كۇچادىن قېچىپ چىقىپ، دەسلەپ ئاقسۇغا كەلدى، ئاقسۇ بېگى خوجەس (باشتا تىلغا ئېلىنغان، داۋاچىنى تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇنۋان ئالغان ئادەم) ئۇلارنى قوبۇل قىلماي، ئۇچتۇرپانغا يولغا سېلىۋەتتى. ئۇچتۇرپانمۇ ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى. چوڭ خوجا قەشقەرگە بېرىپ تۇردى. كىچىك خوجا ياركەنتكە بېرىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەرق بىلەن غەربتە تۇرۇپ بۇلۇڭ هاسىل قىلىپ، شەھەرنى ئارقا تېرەك قىلىپ هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزدى. جاۋخۇي كېلىپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شايار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەرنى تىنچىتتى. يەنە هادىنى چۆللۈكتىن ئۆتۈپ خوتەننى قولغا كىرگۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا چوڭ قوشۇن تېخى توپلانمىغانىدى. جاۋ خۇينىڭ قول ئاستىدا پىيادە ـ ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ 4000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ياردەمچى سانغۇن فۇدېنى ئاقسۇدا تۇرغۇزۇپ، چوڭ قوشۇن يىغىلىپ بولغاندا ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكچى بولدى؛ ئۆزى ئاز ساندىكى ئەسكەرنى باشلاپ ئالدىن يولغا چىقىپ، ياركەنتكە هۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا خوجاجاھان تالا ـ تۈزنى يىغىشتۇرۇپ، ئېتىزدىكى ئاشلىقلارنى يىغدۇرۇپ، خەلقنى شەھەر ئىچىگە بېكىندۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇلاپ تالايدىغانغا ھېچنىمە قالدۇرمىدى، يەنە شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايدا خەندەك كولاپ، ئىستىھكام ياساپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ئۇزۇنغىچە قامال قىلىشقا تەييارلاندى. 10 ـ ئايدا جاۋ خۇينىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى شەرق، غەرب، شىمالدىكى 3 قوۋۇقنىڭ ھەرقايسىسىدىن خىللانغان نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى چىقىرىپ جەڭ قىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 3 قېتىم جەڭ قىلىپ، 3 قېتىم غەلىبە قىلدى، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ بېكىندى ۋە شەھەرنى قاتتىق قوغداپ شەھەر سىرتىغا چىقمىدى. ياركەنت شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى 10 نەچچە چاقىرىم بولۇپ، 4 تەرىپىدە جەمئىي 12 قوۋۇق بار ئىدى، جاۋ خۇينىڭ ئەسكەرلىرى ئاز بولغاچقا، شەھەرگە هۇجۇم قىلالماي، ئىچىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتتى. ئالدى بىلەن، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى كۆكئارتنىڭ جەنۇبىدىكى دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سۇلۇق ۋە ئوتلۇق جايدا لاگىر قۇرۇپ مۇستەھكەملىنىپ تۇردى. كۆكئارتنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا يەنە ياركەنت دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا قاراسۇ دەپ ئاتىلىدۇ، شۇڭا جاۋخۇينىڭ تۇرغان جايى قاراسۇ لاگىرى دەپ ئاتالدى. جاۋخۇي 800 ئەسكەرنى ئاجرىتىپ قەشقەردىن ياردەمگە كېلىدىغانلارنىڭ يولىنى توستى.

دۈشمەن چارۋىلىرىنىڭ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭىچەن تېغى ئېتىكىدە ئىكەنلىكىنى چارلاپ بىلگەندىن كېيىن، لاگېرنى ساقلاشقا ئەسكەر قالدۇرۇپ، ئۆزى مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، دەريادىن ئۆتۈپ چارۋىلارنى بۇلاپ كېلىپ ئوزۇقلۇق قىلماقچى بولدى. كۆتمىگەندە ئەمدىلا 400 ئەسكەر ئۆتۈپ بولغاندا، كۆۋرۈك بىردىنلا ئۈزۈلۈپ كەتتى، دۈشمەن 5000 ئاتلىق ئەسكەر، 3000 پىيادە ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلدى، دەريانىڭ ئۇ تەرپىدىكى ئەسكەرلەر ياردەم بېرەلمىدى، بۇنىڭ ئۈستىگە يەر پاتقاق بولۇپ، تېز يۈرگىلى بولمايتتى، چېڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپ، سۇدىن ئۆتۈپ لاگېرغا قايتتى، ئوتتۇرا يولدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى نەچچە بۆلەككە بۆلۈۋەتتى، ھەركىم ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلدى، ئەتىگەندىن كەچكىچە مىڭچە دۈشمەننى ئۆلتۈردى، ئەمما ئاتلىرىنىڭ كۆپى پاتقاققا پېتىپ قالدى، سەركەردە - ئەسكەرلەردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم جەڭدە ئۆلدى، نەچچە يۈز ئادەم يارىدار بولدى. جاۋخۇي ئوڭ - سولغا ئات چاپتۇرۇپ مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقماقچى بولدى، ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئاتلار كۆپ بولدى. كەچ بولغاندا ئەسكەرلەرنى يىغىپ، چوڭ لاگېرغا قايتىپ مۇداپىئەلەندى. ئاتلىرى چارچاپ كەتكەنلىكتىن، قايتا جەڭ قىلىش مۇمكىن بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن، چوڭقۇر خەندەكلەرنى كولاپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇردى، دۈشمەنلەرمۇ ئايلاندۇرۇپ ئۇزۇن تۇساق قورۇپ قامال قىلدى. جاۋخۇي 5 نەپەر سولۇن ئەسكىرىنى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا دەريا سۈيىنى ئېچىپ، لاگېرنى سۇغا باستۇردى. چېڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئېرىق كولاپ سۇلارنى چىقاردى. چېڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى لاگېرى دەرەخلەر ئارىسىدا ئىدى، ئوقلار كېلىپ دەرەخلەرگە چۈشتى، دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۇلاردىن نەچچە 10 مىڭ قوغۇشۇن ئوق ئېلىۋالدى. يەنە قۇدۇق كولاپ سۇغا ئېرىشتى، ئورىلارنى كولاپ گۆرۈچكە ئېرىشتى، شۇڭا 3 ئايغىچە قامالغا چۈشمىدى. بۇ چاغدا بۆيرۇتلار كېلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، شۇڭا چوڭ خوجا ياركەنتنى قۇتقۇزۇشقا كېلەلمىدى، ئادەم ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى، جاۋخۇي خەت يېزىپ ئوقيا بىلەن ئېتىپ يەتكۈزۈپ، ئالدى بىلەن، كىچىك خوجىنى تۇتۇپ تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئاندىن يول بېرىشنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. فۇدې قاراسۇ لاگېرىنىڭ قامالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يېڭىدىن كەلگەن سولۇن، چاخار ئەسكەرلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ۋە شىمالىي يول ئەسكەرلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ قار يېغىۋاتقىنىغا قارىماي ياردەمگە ئاتلاندى، مىنگودىن 153 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 24 - يىلى) 1 - ئايدا ياركەنتنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 370 چاقىرىم يىراقتىكى جايغا كەلگەندە، 5000 دۈشمەنگە دۇچ كەلدى، ئۇلار بىلەن 4 كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى، «قۇملۇقتا سۇ ئاز بولغانلىقتىن، مۇزلارنى غاجىلاپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى، يەنە ئاتلىرى چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئاتلىرىنى يېتىلەپ پىيادە ماڭدى، ياركەنت دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاراسۇ لەشكەرگاھىغا 300 چاقىرىم قالغاندا، دۈشمەنلەر كۆپىيىپ كېتىپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى قوشۇن 10 مىڭ چاقىرىم يىراقتا قامالدا قالدى. بۇ چاغدا بارىكۆل ئامبىلى ئالگۇن بۇيرۇققا بىنائەن 600 ئەسكەر، 3000 ئات - تۆگە بىلەن مۇئاۋىن تۇتۇڭ ئېيلۇڭئانىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىگە قوشۇلۇپ كېچىدە يېتىپ كەلدى. يىراقتا 10 چاقىرىمدىن ئارتۇق دائىرىدە ئوت يالقۇنلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن بۇ يەر دۈشمەن بىلەن تىركىشىپ تۇرغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىككى قاناتقا ئايرىلىپ، قاتتىق ۋارقىرىشىپ ئات چاپتۇرۇپ، چاڭ - توزان چىقىرىپ، ئۇدۇل دۈشمەن لەشكەرگاھىغا قاراپ ماڭدى، فۇدې قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ 3 يول قوشۇن بولۇپ كۈچەپ ھۇجۇم قىلىپ قامالنى بۆسۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇدۇل قاراسۇ لەشكەرگاھىغا ياردەمگە ماڭدى. جاۋخۇي يىراقتىكى توپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، ياردەمچى ئەسكەر كەلگەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال

ئەسكەرلەرنى باشلاپ قامالنى بۇزۇپ چىقتى، 2 قوشۇن ئۇچرىشىپ، روھلانغان ھالدا ئاقسۇغا قايتتى.

**4. ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىش** خوجاجاھان مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلغان چاغدا، ئۇيغۇر خەلقى ئالدىنقى جۇڭغارلارنىڭ زالىم سىياسىتىنى كۆرۈپ، باشقا دۆلەتكە بېقىنىش ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكتىن، پۈتۈن خەلق بىر نىيەتتە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغانىدى. ئەمما چوڭ - كىچىك خوجا بۇرۇن ئىلىدا ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان ئۇيغۇرلارغا بىر تەرەپلىمە ئىشىنىپ، ئۇلاردىن نەچچە مىڭ ئادەمنى يېقىن ئەسكەرلىرى قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇرۇنقى قول ئاستىدىكىلەردىن يىراقلاشتى، شۇڭا كىشىلەرنىڭ رايى ئۇلاردىن ياندى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىشىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بىرىنچى سەۋەبتۇر؛ يەنە ئۇرۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئالۋان - ياساق ۋە باج ئېغىرلىشىپ كەتتى، سەل كىچىكتۈرگەنلەر دەرھال ۋەيران بولۇش ئاپىتىگە ئۇچرىدى، شۇڭا پۇقرالار پارچىلىنىپ كەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىشىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىككىنچى سەۋەبتۇر؛ قاراسۇ ئۇرۇشىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 3000 ئادەم بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ 15 مىڭ ئادىمىگە تاقابىل تۇرالىدى، نەچچە ئايلىق جەڭ ۋە مۇداپىئەدە تەسلىم بولمىدى، دۈشمەنلەر يۈرەك ئالدى بولۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىش جاسارىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىشىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئۈچىنچى سەۋەبتۇر؛ ئاقسۇغا يىغىلغان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بارغانچە كۆپەيدى، يېڭى، كونا ئەسكەرلەر بولۇپ سانى 30 مىڭغا يەتتى، ئاتلىرىمۇ تەڭساندا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مىنگودىن 152 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 25 - يىلى) 6 - ئايدا، 2 يولغا ئايرىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى؛ جاۋخۇي ئۈچتۇرپاندىن چىقىپ، قەشقەرنى ئىگىلىمەكچى بولدى؛ فۇدې خوتەندىن چىقىپ ياركەنتنى ئىگىلىمەكچى بولدى؛ ھەر يولدا 15 مىڭدىن ئەسكەر بار ئىدى، بۇ چاغدا چوڭ - كىچىك خوجىلار ياركەنتكە يىغىلغانىدى، زور قوشۇنىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، جەڭ قىلىپ مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدا قايتا مەسلىھەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، شۇنىڭ بىلەن خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىنلىرىنى ئېلىپ، يۈك - تاق ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلىرىنى هارۋىلارغا بېسىپ، كۆكئارتتىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ قاچتى ۋە بەدەخشاننى (پامىر تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) قولغا كىرگۈزۈش ئويىدا بولدى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭدى، بۇلۇڭتالارنى يول باشلىغۇچى قىلدى، ئۇدا جەڭ قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلدى، يېشىلكۆل دەرياسىغا يېتىپ باردى، بۇ يەر بەدەخشان چېگرىسىغا تەۋە ئىدى. خوجا جاھان خەتەرلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكىلەر جان تىكىپ جەڭ قىلىشنى خالىمىدى، ئۇلار تاغنى قاپلاپ تۆۋەنگە قاراپ چاپتى، ئاۋازلىرى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىدى، كېلىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تەسلىم بولدى، ئومۇمەن ئۇيغۇرلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەسلىم بولدى، مال - چارۋىدىن نەچچە 10 مىڭ تۇياق غەنىمەت ئېلىندى. چوڭ - كىچىك خوجىلار خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ۋە بۇرۇنقى چاكارلىرىدىن 3 - 4 يۈز ئادەمنى ئېلىپ بەدەخشانغا قاراپ قاچتى. دەسلەپتە چوڭ - كىچىك خوجىلار ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە ماڭدى، ئۇلار ئەسلى ھىيلە بىلەن، بەدەخشان دۆلىتىنى تارتىۋېلىش ئويىدا بولدى. ئەمما بەدەخشاننىڭ باشلىقى قارشى ئالغىلى كەلمىدى، غەزەپلىنىپ ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، شۇنىڭدىن كېيىن، قوشنا قەۋملەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بەدەخشانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بەدەخشان ئەسكەر توپلاپ، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى قولغا چۈشۈردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مەكتۇپ ئەۋەتىپ، قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بەدەخشان باشلىقىنىڭ ئىسلام دىنى دەستۇرى بويىچە پەيغەمبەر (مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنى پەيغەمبەر دەپ ئاتايدۇ) نىڭ ئەۋلادىنى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىشكە

بولمايتتى، ئەمما ئۇ يەنە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقاتتى، شۇڭا ئۇ 2 باشلىقنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى ئەكىلىپ تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئومۇمىيۈزلۈك تىنجىتىلدى.

جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى قايتا جۇڭگو زېمىنىغا قوشۇلدى. ئومۇمەن تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ دىزۇڭنىڭ جېنيۈەن يىللىرى تۇبۇتلەر بەشبالىقنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن تارتىپ، 970 يىل ئۆتۈپ، بۇ زېمىن جۇڭگو بىلەن قايتا مەڭگۈگە بىرلەشتى. دېمەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەسكەر ئىشلىتىشى كاڭشىنىڭ 56 - يىلى چېگرا مۇداپىئەسى يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ، يۇڭجېڭ زامانىدا 2 قېتىم ئەسكەر ئىشلىتىشكىچە بولغان ئارىلىقتا خەزىنىدىن 70 مىليون سەردىن ئارتۇق كۈمۈش سەرپ قىلىندى، چيەنلۇڭ زامانىدا جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى تىنجىتقاندا، يەنە 30 مىليون سەردىن ئارتۇق كۈمۈش سەرپ قىلىندى، بۇلارنى قوشقاندا جەمئىي 100 مىليون سەردىن ئارتۇق بولىدۇ. كاڭشى يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خالخالارنىڭ غالدانىنى مەغلۇپ قىلىش جېڭىگە ياردەم قىلغاندا، بۇنىڭغا بىرمۇنچە پۇل سەرپ قىلىندى، بۇ يۇقىرىقى سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

## 5 § . كۆكئارتنىڭ سىرتىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئىچكىرىگە بېقىنىشى

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى قەۋملەر ئارقا - ئارقىدىن ئىچكىرىگە بېقىنىپ، قارام دۆلەت بولۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەينى ۋاقىتتا قاراشلىق زېمىنى بىلەن قارام دۆلەت كۆكئارتنى چەك قىلدى، ئۇنىڭ شەرقى شىنجاڭ، غەربىي قارام ئەللەردىن ئىبارەت، قارام ئەللەرنىڭ ئەڭ داڭلىقى ئىككى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يولنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سول قىسىم ۋە ئوڭ قىسىم قازاقلار، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي ۋە غەربىي بۇيرۇتلاردىن ئىبارەت. يەنە بىرى، كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى قوقان، تاشكەنت، بەدەخشان، پامىر، بۇخارا، غەربىي جەنۇبتىكى ئافغان ۋە كانجۇت قەۋملىرىدىن ئىبارەت. بۇلارنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**1. قازاقلار** قازاقلار سول قىسىم قازاقلار، ئوڭ قىسىم قازاقلار ۋە غەربىي قىسىم قازاقلار دەپ 3 قىسىمغا ئايرىلىدۇ. سول قىسىم قازاقلار شەرقىي جەنۇبتا جۇڭغارلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە ئوڭ قىسىم قازاقلار بىلەن، شىمالدا روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبى بۇيرۇتلارغا تۇتىشىدۇ. ئوڭ قىسىم قازاقلار سول قىسىم قازاقلارنىڭ 2000 چاقىرىم شەرقىدە بولۇپ، شىمالى روسىيە چېگرىسىغا تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبى قوقەن چېگرىسىغا تۇتىشىدۇ. غەربىي قىسىم يەنە تاشكەنت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جۇڭغارلار تەرىپىدىن توساپ تۇرۇلغاچقا، جۇڭگو بىلەن ئالاقە قىلالمىغانىدى. مىنگودىن 155 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 22 - يىلى) زور قوشۇن ئامۇرساناننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاندا ئۇدۇل سول قىسىم قازاقلار چېگرىسىغا كىردى. قازاقلار ئاسىي ئامۇرساناننى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ تاپشۇرۇپ بەردى. سول قىسىم قازاقلار خانى ئابلاي ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېسىل نەسىللىك 4 ئات تەقدىم قىلدى ۋە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئىچكىرىگە بېقىنىشنى ئۆتۈندى. كېيىنكى يىلى كۈزدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى فۇدې جۇڭغارلارنىڭ قالدۇقلىرىنى قازاقلارنىڭ شىلا دېگەن يېرىدىن قوغلاپ ئوڭ قىسىم

قازاقلار زېمىنىغا كىردى، بۇ چاغدا ئوڭ قىسىم قازاقلار ئەمدىلا تاشكەنت بىلەن ئۇرۇش باشلىغانىدى. فۇدې ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەدەپ بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىپ، 2 تەرەپنى ئۇرۇش توختىتىشقا ئۈندىدى. 2 تەرەپ بۇنىڭغا بىردەك قۇلاق سالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوڭ قىسىم قازاقلارمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئات ئۆلپان قىلدى ۋە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئىچكىرىگە بېقىنىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىنكى 6 يىلدا غەربىي قىسىم قازاقلاردىن 3 خان بىر ۋاقىتتا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ سۇندى ۋە ئۆلپان تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قازاقلار جۇڭگوغا قارام دۆلەتكە ئايلاندى. ھەرقايسى قىسىملار 3 يىلدا بىر قېتىم ئۆلپان ئەكىلىپ تۇردى. سول قىسىم قازاقلارنىڭ خانى ئابلاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى گەنلى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنى خان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، ئۇلار موڭغۇللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ناماز ئۆتەش ۋە قۇرئان ئوقۇشقا پۇختا ئەمەس. خەلقىنىڭ خاراكتېرى چەبدەس ۋە جەسۇر بولۇپ، ئوغرىلىق ئادەتكە ئايلانغان، ئۇلار چەكلىمىگە ئۇچرىماي باشباشتاق يۈرىدۇ، گەرچە باشلىقى بولسىمۇ چەكلىيەلمەيدۇ. ھەر قېتىم قىش پەسلىدە قار قېلىن بولغاندا، ئۇلارنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى قاراۋۇلخانىلار دائىرىسىگە كىرىپ مال بېقىپ، ۋاقتىنچە قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا رۇخسەت قىلىناتتى. ھەر 100 يىلقىدىن بىر يىلقا باج ئېلىناتتى. ياز پەسلىدە قاراۋۇلخانا دائىرىسىدە چارۋا بېقىشنى تەكشۈرگەندە، ئەگەر يوشۇرۇنۇپ قالغۇچىلار بولسا، ھەممىسى قوغلاپ چىقىرىلاتتى. ھەر يىلى كۈز مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ، كالا، قوي، ئاتلىرىنى ھەيدەپ، ئەنجاندا كىگىز ھەم كالا تېرىلىرىنى سېتىپ، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، تاۋار، دورۇدۇن ۋە باشقا رەختلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كېتەتتى. ھەرقايسى قاراۋۇلخانا ئەسكەرلىرى تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. سودا - سېتىق قىلىدىغان جايغا كەلگەندە، باشقىدىن ئەمەلدار ئەۋەتىلىپ باشقۇرۇلاتتى. تەيجى ۋە باشلىقلىرىغا قائىدە بويىچە زىياپەت بېرىلەتتى.

**2. بۇيرۇتلار** بۇيرۇتلار شەرقىي ۋە غەربىي بۇيرۇتلار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. شەرقىي بۇيرۇتلار جۇڭغارلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئىلىدىن 1400 چاقىرىم يىراقلىقتا. ئىچكى قىسىمدا 4 قەبىلە بار، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز باشلىقى بار، بىر - بىرىگە قارىمايدۇ، ياشانغان بىرى سايلىنىپ، ئۇ ھەرقايسى قەبىلىلەرنى قوشۇمچە باشقۇرىدۇ، ئۇلار دەسلەپتە تۆمۈرتى كۆلىنىڭ ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلاتتى، كېيىن جۇڭغارلارنىڭ قىستىشى بىلەن، غەربكە كۆچۈپ ئەنجانغا كەتتى؛ جۇڭغارلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىغا قايتىپ كەلدى. غەربىي بۇيرۇتلار جەمئىي 15 قەبىلە، ئۇلار كۆكئارتنىڭ غەربىدە، قەشقەردىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا. شەرقىي بۇيرۇتلار بىلەن غەربىي بۇيرۇتلار ئوخشاشلا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مىنگودىن 154 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 23 - يىلى) زور قوشۇن جۇڭغارلارنىڭ قالدۇقلىرىنى ئارقىسىدىن قوغلىغاندا، شەرقىي بۇيرۇتلار چېگرىسىغىچە باردى. ئۇلارنىڭ باشلىقى مامۇتقۇلى پۇقرالىرىنى باشلاپ ئىچكىرىگە بېقىندى. كېيىنكى يىلى زور قوشۇن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقىنى ئارقىسىدىن قوغلىغاندا، يول ئۈستىدە غەربىي بۇيرۇتلارنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتتى، ھەرقايسى باشلىقلار ئالدىغا چىقىپ يول توساپ، ئىچكىرىگە بېقىنىشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي ۋە غەربىي بۇيرۇتلارنىڭ 19 قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزگە قارام بولدى. چوڭ - كىچىك باشلىقلىرىغا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، ئىككىنچى دەرىجىدىن يەتتىنچى دەرىجىگىچە ئەمەلدارلىق ئوتۇغاتى بېرىلدى. ئىلىغا يېقىن بولغانلىرىغا يىل ئارىلاپ لەشكەر بېشى ئامبال ئەۋەتىلىپ بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇلدى؛ دائىملىق چارلاپ كونترول قىلىش قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىلكىدە بولدى. ھەر يىلى ئات ئولپان ئەكەلدى. ئەھۋالغا قاراپ تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلىندى. بۇيرۇتلاردىن قەشقەرگە كېلىپ سودا - سېتىق قىلغۇچىلار چارۋا مال ئەكەلدى، مالنىڭ تۇياق سانى بويىچە سودا بېجى ئېلىندى ياكى مال باھاسىنىڭ ئوتتۇز ئۈلۈشىدىن بىر ئۈلۈشنى ئالدى. كىشىلەر بۇيرۇتلار سودىدا قانائەتسىز كېلىدۇ، ئەمما قورقۇنچاق بولىدۇ، ئۇلارنى باشقۇرۇش ئاسان دېيىشىدۇ.

**3. قوقان** قوقان قەشقەرنىڭ 844 چاقىرىم غەربىي شىمالىدا، دۆلەت ئىچىدە 4 چوڭ شەھىرى بار، يېرى تۈزلەڭلىك، جەنۇبىنى پامىر تېغى ئوراپ تۇرىدۇ، شىمالى نارىن دەرياسى ۋادىسىغا تۇتىشىدۇ. نارىن دەرياسى بۇيرۇتلار چېگرىسىدىن غەربكە قاراپ ئېقىپ، ئەنجان شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ، يەنە غەربتە مەرغىلان شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ، يەنە غەربتە نەمەنگان شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ، يەنە غەربتە قوقان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، تۆۋەنگە ئېقىپ ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ، دەريا ۋادىسىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، كىلىماتى ئىللىق، خەلقى باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئاشلىقى مول، چارۋىغا باي، ئادەملىرى بۇيرۇتلار نەسلىدىن بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، پارس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. 4 شەھەرنىڭ ئۆز بېگى بار، قوقان بېگى ئىردەنىبېك ئۇلارنىڭ باشلىقى ھېسابلىنىدۇ. مىنگودىن 153 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 24 - يىلى) زور قوشۇن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقىنى ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭغاندا، ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن، ئىردەنىبېك مەكتۇپ سۇنۇپ، ئىچكىرىگە بېقىنىشنى ئۆتۈنگەن ۋە پايتەختكە ئات ئولپان قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ ئوغلى قوقانغا قېچىپ باردى، شۇ سەۋەبتىن قوقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق كاتتىۋاشلىرى ساقلىنىپ قالدى. ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرلار زېمىنى ئۈچۈن چوڭ ئاپەت بولدى.

**4. تاشكەنت** تاشكەنتنىڭ شەرقىي شىمالى ئۇلۇغ قىسىم قازاقلار زېمىنى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقىي بۇيرۇتلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقىي جەنۇبى نەمەنگان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، قەشقەر شەھىرىدىن 1300 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا. بۇ يەردە 3 خوجا بار: بىرى مولدوساموش، بىرى شادى، يەنە بىرى تورغان، بۇلار مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ باشقۇرىدۇ. ئۇلارنى ئۇلۇغ قىسىم قازاقلار كونترول قىلىدۇ، يىلدا ھاشار مەجبۇرىيىتى ئۆتەيدۇ. مولدوساموش قازاقلار تىكلىگەن خوجا بولۇپ، ئۇ تورغان تەرىپىدىن قوغلاندى. قازاقلار جامائەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇنى ئەيىپلىدى، بۇ ئىش ئۇزۇنغىچە ھەل بولمىدى. مىنگودىن 154 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 23 - يىلى) فۇدې ئەلچى ئەۋەتىپ كېلىشتۈردى، ئۇلار ئەس ھوشىنى يىغىپ جېدەل - ماجىرانى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن، تاشكەنت مەكتۇپ سۇنۇپ ئىچكىرىگە بېقىنىشنى ئۆتۈندى.

**5. بەدەخشان** بەدەخشان كۆكئارتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىسلام دۆلىتى، ياركەنتتىن 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقلىقتا، غەربىي شىمالى بېشبىلكۆلگە تۇتىشىدۇ، شەھەرلىرى بار، تاغلار ئوراپ، خەتەرلىك جايلار توساپ تۇرىدۇ، 100 نەچچە مىڭ نوپۇسى بار. مىنگودىن 153 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى خوجاجاھان ئاكا - ئۇكىلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندا، ئۇلار غەربكە قېچىپ بەدەخشانغا بېرىپ، يالغاندىن بۇ يەردىن ئۆتۈپ مەككىگە بېرىپ ئەجدادىمىزنىڭ تەۋەررۇك جايىنى تاۋاپ قىلغىلى بارىمىز دېدى، ئەمما ئەكسىچە ئەسكەرلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ھەر تەرەپتە بۇلاڭچىلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بەدەخشاننىڭ باشلىقى سۇلتانشاھ ئەسكەر چىقىرىپ، خوجاجاھان ئاكا - ئۇكىلارنى قولغا چۈشۈردى، بۇ ئىككى باشلىق پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئۇلارنى باغلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇڭا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ 8 تۇلپار ئولپان قىلدى. قارام ئەللەر قاتارىغا كىردى، ئۈزمەي ئولپان ئەكىلىپ تۇردى.

**6. پامىر** پامىر (بەزىدە بولور دېيىلىدۇ) بەدەخشاننىڭ شەرقىدە، شەھەرلىرى بار. نوپۇسى 30 مىڭدىن ئارتۇق، 3 تەرىپى تاغ بىلەن ئورىلىپ

تۇرىدۇ. غەربىي شىمالىدا دەريا بار، مىنگودىن 153 يىل بۇرۇن بەدەخشان بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكىرىگە بېقىندى، قىلىچ، پالتا ۋە شەمشەر ئولپان قىلدى، قارام ئەل قاتارىغا كىردى.

**7. بۇخارا** بۇخارامۇ ئىسلام دىنى دۆلىتى، «قارام ئەللەر تەزكىرىلىرى» دە بۇ دۆلەت ياركەنتنىڭ غەربىدە، ئاتلىق 25 كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دېيىلگەن. ئۇنىڭ 4 تەرەپ چېگرىسى مۇنداق: شەرقى قوقان بىلەن، شەرقىي جەنۇبى بەدەخشان بىلەن، جەنۇبى ئافغانىستان بىلەن، غەربى روسىيە بىلەن، شىمالى قازاقلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ، يەر كۆلىمى ناھايىتى كەڭ، قەبىلىلىرى ناھايىتى كۆپ، ئارال دېڭىزىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن، دائىرىسى كاسپى دېڭىزىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇخارا خەلقىنىڭ خاراكتېرى جەسۇر، دائىم قوقان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ، جۇڭگو بىلەن بولسا، دائىم سودا قىلىشىپ تۇرىدۇ. مىنگودىن 152 يىل بۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىلىپ، بەزى ئىشلار ئۇقتۇرۇلدى. كېيىنكى 4 يىلدا ئۇلارنىڭ باشلىقى بەدەخشانغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە بېقىنىشنى ئۆتۈندى، قارام ئەل قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

**8. ئافغانىستان** ئافغانىستان بەدەخشاننىڭ غەربىدە، بۇخارانىڭ جەنۇبىدا، خەلقى ناھايىتى كۆپ، يەرلىك باشلىقلار بۆلۈۋېلىپ باشقۇرىدۇ. بەدەخشانلىقلار خوجاجاھان ئاكا - ئۇكىلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرگەن چاغدا ئافغانىستان جامائەتچىلىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇلارنى ئەيىپلىدى. بەدەخشانلىقلارنىڭ باشلىقى قورقۇپ، ئۇلارغا گۆللۈك دارايى سوۋغات قىلدى ۋە خوجاجاھاننىڭ جۇڭگودىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئۆز دۆلىتىنى پاراكەندە قىلىشتەك جىنايىتى بارلىقىنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئافغانىستانلىقلار ئۇلار بىلەن ئەپ بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ خانى جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، ئەمما ئارىلىقنىڭ قانچىلىك يىراق - يېقىنلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. مىنگودىن 150 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 27 - يىلى) ئوردىغا ئەلچى كەلدى، قىلىچ ۋە 4 تۇلپار ئولپان قىلدى. بۇ جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئىسلام دىنىدىكى قارام دۆلىتىدۇر.

**9. كانجۇت** كانجۇت پامىرنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدە، شىنجاڭدىكى سارىقولنىڭ غەربىي جەنۇبى چېگرىسىنىڭ سىرتىدا، زېمىنىنىڭ 2 تەرىپى تاغلىق، تاغلىرى ئېگىز ۋە تىك قىيالىق، ئوتتۇرىسىدىن گۈنزا دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 93 مىڭ كۋادرات چاقىرىم، جەنۇبى شىنجاڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ قاتناش ئېغىزىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. خەلقىنىڭ كۆپى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مىنگودىن 151 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 26 - يىلى) ئىچكىرىگە بېقىندى. بەلگىلىمە بويىچە 3 يىلدا بىر قېتىم ئولپان ئەكەلدى، بىر سەر 5 مىسقال كېپەك ئالتۇن ئولپان قىلدى. تاۋار دۇردۇن، كۈمۈش ۋە چاي ئىنئام قىلىندى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا شىنجاڭ چېگرىسى سىرتىدا قارام ئەللەر چېگرىنى ئوراپ تۇردى، ئەمما ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى ئارىدا گىرەلىشىپ تۇردى، بىزگە مۇداپىئە توسىقى بولغىنى پەقەت قازاقلار بىلەن بۇيرۇتلاردىن ئىبارەت 2 قەبىلە بولدى. بۇلاردىن تاشقىرى، باشقا قەبىلىلەر پامىر تېغى بىلەن غەربتە ئايرىلىپ تۇردى، ئۇلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋىتى ئانچە يېقىن بولمىدى، لېكىن قوقاننىڭ بۇرھانىدىننىڭ ئەۋلادلىرىنى بېقىشى خېلى زامانلارغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچۈن زور ئاپەت بولدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ھەرقايسى قارام ئەللەرگە قارىتا ئۆزىگە قارىتىۋېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، ھېچقاچان ئەمەلىي باشقۇرۇپ باقمىدى. ھامىي دۆلەت بىلەن قارام دۆلەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە بۇيرۇتلارنىڭ باشلىقىنى جۇڭگو تەيىنلىگەن ھەمدە دائىملىق نازارەت قىلغان، ئەمەلدار ئەۋەتىپ كۆزدىن كەچۈرگەن، مۇناسىۋەت بىرقەدەر يېقىن بولغاندىن تاشقىرى، باشقا قەبىلىلەر پەقەت ئوردىغا سالامغا كېلىپ ئولپان تەقدىم قىلىش ۋە ئۆزئارا سودا - سېتىق قىلىشتەك 2 ئىش بىلەن چەكلەندى خالاس. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرگە يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا ئوردىغا سالامغا كېلىپ ئولپان تەقدىم قىلىش بېكىتىپ بېرىلمىدى؛

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلارنىڭ ئىچكى سىياسىتى ۋە تاشقى دىپلوماتىيە ئىشلىرى قاتارلىقلار ئەسلا سۈرۈشتۈرۈلمىدى. ساماۋى دۆلەت دېگەن قۇرۇق نامغىلا ئىگە بولۇپ، ھامىي دۆلەتلىك ئەمەلىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزمىدى.

## § 6 . تۇرغۇتلارنىڭ شەرققە قايتىشى

جۇڭغارلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن، تاغنىڭ شىمالى بوش قېلىپ، ئۇ يەردىن ئەيپاچتى گەپلەر يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، تۇرغاۋۇتلارنىڭ شەرققە قايتىش ئىشى يۈز بەردى. تۇرغۇتلارنىڭ روسىيە زېمىنىدا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن ياشاۋاتقىنىغا 100 نەچچە يىل بولغانىدى. ئەمدىلىكتە نېمە ئۈچۈن توساتتىن شەرققە قايتماقچى بولدى؟ قايتىشنىڭ جەريانى قانداق بولدى؟ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى؟ بۇلارنى بۇ پاراگرافتا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**1. شەرققە قايتىش سەۋەبى** تۇرغۇتلار 4 ئويراتلارنىڭ بىرى بولۇپ، دەسلەپتە تارباغاتايدا كۆچمە چارۋىچىلىق قىلاتتى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جوراس قاتارلىق 3 قەبىلىنىڭ قىستىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ خانى بىلەن خېيلى پۇقرالىرىنى باشلاپ، غەربتىكى روسىيە زېمىنىگە قېچىپ كەتتى. روسىيە ئېدىل دەرياسى ۋادىسىنى ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىشىغا بەلگىلەپ بەردى. بۇ جاي تولىيا قەبىلىسىنىڭ شەرقىدە، روسىيىنىڭ جەنۇبىدا، سول قىسمى قازاقلارنىڭ شىمالىدا ئىدى. دەريانىڭ 2 قىرغىقىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئوت - چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك ئىدى. خېيلىيدىن كېيىن بىرنەچچە ئەۋلاد ئۆتۈپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى ئۇباش خان بولدى، ھەرقايسى دەۋرلەردە دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى خان ئوردىسى قىلدى، پۇقرالىرىنى بۆلۈپ، بىر قىسمىنى دەريانىڭ شىمالى قىسمىدا چارۋىچىلىق قىلدۇردى، دەسلەپكى مەزگىلدە ئاھالە سانى ئاز ئىدى، 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ، ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندا 2 قىرغاقنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئادىمى 460 مىڭ تۈتۈنگە يەتتى، ئۇلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى توپ - توپ بولۇتقا ئوخشايتتى، تۆگە بىلەن يىلقىلىرى جىلغا - جىلغىلارغا تولۇپ كەتتى. يەنە بۇ يەردە خوشۇتلارمۇ تۇرغۇتلار بىلەن بىرلىكتە چارۋىچىلىق قىلاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ قاچان بۇ يەرگە كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىنى تىنجىتقان چاغدا ئويراتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلە خەلقىدىن روسىيە تۇپرىقىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇباشنىڭ قول ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە يېڭى تۇرغۇتلار دەپ ئاتالغانىدى. بۇ تۇرغۇتلارنىڭ قېچىپ چىقىش ۋە روسىيە تۇپرىقىدا چارۋىچىلىق قىلىشىنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن ئىبارەت. دەسلەپتە كاڭشى يىللىرىدا روسىيە تۇرغۇتلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، غەربىي فىيالتوغا ھۇجۇم قىلغان، تۇرغۇتلار ئۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، يارىدار بولغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغانىدى. بۇ چاغقا كەلگەندە روسىيە تولىيا قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، يەنە تۇرغۇتلاردىن ئەسكەر ئالدى، ئۇرۇشتا نەچچە 10 مىڭ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، لېكىن ئۇرۇش توختىمىدى، ئەسكەر ئېلىشمۇ توختىمىدى. شۇڭا تۇرغۇتلار ئۇرۇش كۈلپىتىنى يەتكىچە تاتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەبىلىسىدىن بولغان شىلىڭ دېگەن بىرى يېڭىدىن جۇڭگودىن يۈز ئۆرۈپ، ئىلىدىن قېچىپ كېلىپ، «ئىلىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، مۇداپىئەسى بوش، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەننى كۆچەپ تەرغىپ قىلىپ، ئۇباشنى شەرققە قايتىشقا قۇتراتتى. ئىلىدىن قېچىپ كەلگەن باشقا ئويراتلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، ئۇباشنى يۇرتقا قايتىپ كېتىشكە ئۈندىدى. ئۇباش بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر روسىيىنىڭ جاپالىق ھاشارلىرىنىڭ دەردىنى تازا تارتىۋالغانلىقتىن، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەن، گويا

دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە چىققاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇلار شەرققە قايتىش قارارىغا كەلدى.

**2. شەرققە قايتىش جەريانى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى** ئوباش قول ئاستىدىكىلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ جىددىي ھالەتتە تۇرۇشنى بۇيرۇدى ۋە شىمالىي قىرغاقتىكى قەبىلىلەر دەريادا مۇز قاتقاندا دەريادىن ئۆتۈپ كېلىشنى ھەم بىرلىكتە شەرققە كۆچۈشنى كېلىشتى. بۇ مىنگودىن 142 يىل بۇرۇنقى (چيەنلۇڭ يىللىرىنىڭ 35 ـ يىلى) 10 ـ ئاي قىش ۋاقتى ئىدى، بۇ چاغدا ھاۋا ئىللىق بولۇپ، دەريادا ئۇزۇنغىچە مۇز قاتمىدى. ئوباشنىڭ ئۇزۇن كۈتۈپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى جەنۇبىي قىرغاقتىكى 460 مىڭ تۈتۈننى ۋە خوشۇتلار، يېڭى تۇرغۇتلار قاتارلىقلارنى باشلاپ يولغا چىقتى. سەپەر يولىدا روسىيەنىڭ چېگرا رايوندىكى شەھەرلىرىدىن 4 نى تارمار قىلىپ ئۆتتى. روسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى. چېگرىدىن چىققاندىن كېيىن دەسلەپتە قازاقلار زېمىنىدىن ئۆتمەكچى بولدى، لېكىن قازاقلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتۈشىگە يول قويمىدى؛ ئارقىدىن يولنى ئۆزگەرتىپ بۇلۇتلار زېمىنىغا كىردى. بۇلۇتلار 1000 دىن ۋە 10 مىڭدىن توپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توساپ خۇددى تور قۇرۇپ ھايۋانات توپىنى كۈتۈپ تۇرغان ئوۋچىلاردەك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھەربىي لازىمەتلىكلىرى، مال ـ مۈلۈك ۋە چارۋىلىرىنى بۇلىدى. تۇرغۇتلار يا ئىلگىرىلىيەلمەي، يا چېكىنەلمەي، ئىلاجسىزلىقتىن يولنى ئۆزگەرتىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ چېگرىسىدىكى قۇملۇقتىن ماڭدى. بۇ يەرلەردە سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ يوق ئىدى. 10 نەچچە كۈن يول ماڭدى، ئادەملەر كالا، ئات ۋە قويلارنىڭ قېنىنى ئىچتى، ھاۋا ئىسسىق بولۇپ، كۈچلۈك تارقىلىشچان كېسەللىك تارقىلىپ، ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتتى. كېيىنكى يىلى 6 ـ ئايدىلا، ئاندىن ئىلى قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ كەلدى، بۇ چاغدا پەقەت 70 نەچچە مىڭ ئادەم قالغان بولۇپ، ھەممىسى ئىنتايىن ئۇرۇقلاپ ۋە چارچاپ كەتكەنىدى. ئىلى جياڭجۈنى شۇ خېدې بىر تەرەپتىن چېگرىنى قاتتىق قوغدىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈردى. ئوباش قول ئاستىدىكى باشلىقلار بىلەن بىرنەچچە كۈن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مەدەنىيەتكە ھەۋەس قىلىپ، ھەققانىيەتكە قايتتۇق دەيمىز دەپ قارار قىلىشتى، ئاندىن «روسىيىنىڭ دىنى بىلەن كىيىم ـ كېچىكى ئەسلى قىسمىغا ئوخشىمايدۇ. جۇڭگو سېرىق كاسىيالىق لاما دىنىغا ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان دۆلەت، شۇڭا پۇقرالارنى باشلاپ بېقىنغىلى كەلدۇق» دەپ جاۋاپ بەردى. يەنە ئېلىپ كېلىۋاتقان غەربنىڭ سائىتى، پىستانلىق مىلتىقى ھەمدە ئەجدادىدىن قالغان، مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې يىللىرىنىڭ 8 ـ يىلى مەنسەپكە تەيىنلەپ بېرىلگەن خەنزۇچە يۆگىمەچ خەتتە ئويۇلغان قاشتېشى تامغا قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. جياڭجۈن بۇنى ئوردىغا مەلۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ رېخېگە خان ھوزۇرىغا سالامغا كېلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئوباشنى خان قىلىپ تەيىنلىدى، باشقىلارنى چىنۋاڭ، جۈنۋاڭ (ئىنانچىخان)، بېلى، بېيزى، دۆلەتكە يۆلەكچى بەگ، تەيجى ۋە خىزمەتچى قىلىپ تەيىنلىدى. يەنە 260 مىڭ تۇياق كالا، قوي، ئات، ناھايىتى نۇرغۇن چاي، بۇغداي، پاختا، جۇۋا، كىگىز قاتارلىقلارنى ياردەم قىلىپ بەردى. جەمئىي 200 نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىندى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۇرغۇتلار قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا قايتا كۆپەيتىپ تەشكىللەپ، كۈچىنى بۆلۈۋېتىش تەدبىرىنى قوللاندى، كونا ۋە يېڭى تۇرغۇتلار بىلەن خوشۇتلارنى 3 ئايماققا بۆلدى. ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، بىر ـ بىرىگە بېقىنمىدى؛ يەنە ئۇلارغا چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەر بەردى ھەمدە بىر ـ بىرىگە تۇتاشمايدىغان قىلىپ ھەرقايسى جايلارغا بۆلۈۋەتتى. بۇنداق قىلغاندا بۇ قەبىلىنىڭ كۈچىنى بۆلۈۋېتىپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلغىلى، ئۇزۇن ۋاقىتلىق ئامانلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. پايدىلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندە ھەرقايسى ئايماقنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

A) تۇرغۇتلار ئونبىرىن سۇجۇكتۇ ئايمىقى بولدى، 10 ياساق تەسىس قىلىندى. 4 يەرگە بۆلۈنۈپ چارۋىچىلىق قىلدى.

جەنۇبىي تۇرغۇتلار خان ئوباشىنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، جەمئىي 4 خوشۇندىن تەركىب تاپتى، يۇلتۇز دەرياسى ۋادىسىدا چارۋىچىلىق قىلدى، قاراشەھەر خان ئامبىلى باشقۇرۇشىدا بولدى.

شىمالىي تۇرغۇتلار چىنۋاڭ سىبودورجىنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، جەمئىي 3 قوشۇندىن تەركىب تاپتى، تارباغاتايدا چارۋىچىلىق قىلدى. تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

شەرقىي تۇرغۇتلار جۇنۋاڭ (ئىنانچىخان) بامۇبارنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، جەمئىي 2 قوشۇندىن تەركىب تاپتى، كۇرقاراسۇدا چارۋىچىلىق قىلدى، كۇرقاراسۇ خان ئامبىلى باشقۇرۇشىدا بولدى (كېيىن ئاغلاقچى ئامبالغا ئۆزگەرتىلدى).

غەربىي تۇرغۇتلار بېلى موتۇمېن قاتارلىقلارنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، جەمئىي بىر قوشۇندىن تەركىب تاپتى. جىڭدا چارۋىچىلىق قىلدى، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدا بولدى.

B) خۇشۇتلار باتۇسچىلىتۇ ئايمىقى بولدى، 4 ياساق تەسىس قىلىندى. خۇشۇتلار بېلى گۇڭگې، بېيزى يالانپېيلي، تەيجى نوخاي قاتارلىقلارنىڭ پۇقرالىرى، چارۋىچىلىق قىلىدىغان يېرى ۋە باشقۇرىدىغان ئامبال جەنۇبىي تۇرغۇتلار بىلەن ئوخشاش.

C) يېڭى تۇرغۇتلار كۆك تېچىلىتۇ ئايمىقى بولدى، 2 ياساق تەسىس قىلىندى. يېڭى تۇرغۇتلار جۇنۋاڭ (ئىنانچىخان) شېلىڭنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، ئالتاي تېغىدا چارۋىچىلىق قىلدى، قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

تۇرغۇتلار بىلەن خۇشۇتلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. يېڭى تۇرغۇتلار بولسا، ئۇنداق بولمىدى. ئومۇمەن تۇرغۇتلار قاتارلىق قەبىلىلەر شەرققە قايتقاندىن بۇيان مەڭگۈگە چېگرا رايوندىكى مۆمىن پۇقرالار بولدي، ئەسلا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمىدى، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمايلا قالماي، بەلكى كۆپ قېتىم ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشىغا ياردەملەشتى. بۇ قايتىدىن كۆپەيتىپ تەشكىللەش ۋە ئۇنۋان بېرىش سىياستىنىڭ ھاسىل قىلغان ئۈنۈمىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت نىزام

(بېشى 25 - بەتتە)

بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشر قىلغان.

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىسى» مىنگونىڭ 33 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

④⑤⑥⑧⑨⑩⑪⑫⑬⑭⑮⑯⑰⑱⑲⑳㉑㉓㉔㉕㉗㉗㉘㉙㉚㉛㉜㉝㉞㉟ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىسى» دىن.

⑦ بەي جېنشېڭ، لى جۇشىن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ھازىرقى زامان سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخى».

㉒ ۋۇ جۇڭشىننىڭ مىنگونىڭ 34 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى خاتىرىسىدە: ئوسمان ئوراز ئەلىنىڭ ئۆزىگە ۋۇ جۇڭشىن ئەلەن جۇنۋاڭلارنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى يوقاتقانلىقىنى ئېيتقان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋۇ جۇڭشىنغا ئىشەنمەيدىغانلىقى بىر باھانە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

㉖ بەي جىنشېڭ، لى جۇشىن: تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ھازىرقى زامان سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخى» 402 — 403 - بەتلەر.

خەنزۇچە «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت جۇبەيرى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئورخۇن

新疆
地方志

（季刊）

目　录

2000年第一期

总第五十期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编
沙比尔·艾力

副主编
哈德尔·阿皮孜
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　录

## 文　献

中国地方志指导小组二届六次会议纪要 …… 9

全国新编地方志成果在京展出，新疆展位特色浓郁观众逾五千 …… 任明志　刘德润 14

## 历史资料

吴忠信招降吾斯曼的活动 …… 黄建华 17

和卓家族入新始末及其兴起背景 …… 吾尔买提江·阿不都热合曼 26

《于阗文献》序言 …… H.V. 贝利 38

死后被惩罚的鲁克泌王 …… 马木提·哈孜 44

《马赫穆德·喀什噶里女子学校》简介 …… 塔依尔·塔什巴也夫 47

## 地名研究

当前地名研究中存在的有些问题 …… 库尔班江·阿不里米提 53

## 历史人物

进步人士艾带尔·沙依然 …… 伊力其·沙依然 58

## 中国经营西域史

第四节　平定回部 …… 69

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

新疆地方志维吾尔文(季刊)(پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 7 号
照　　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司
印　　刷：新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

国内统一刊号 CN65－1110/K－W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1110/K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن